

# 21-ئەسىردىكى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختات

ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى يامان ۋەزىيىتى


ئايىن ئەۋىنس

ئامېرىكالىق ئۆسمۈر

# 21-ئەسىردىكى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختات

## STOP THE 21ST CENTURY HOLOCAUST

ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىكى يامان ۋەزىيىتى

The Plight of the Uyghur People in Modern China

ئايېن ئەۋەنس

Ian Evans

تەرجىمان :  مەلىكىزات غەيرەت

مەسئۇل مۇھەررىرى: شۆھرەت ئىدرىس

تەرجىمىگە ئويۇشتۇرغۇچى : ئەركىن سىدىق

*بۇ كىتاب ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF) تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلدى.  كىتابنىڭ نەشر ھوقۇقى ئۇيغۇر پروجېكتى فوندىغا مەنسۇپ.

ئۇيغۇر پروجېكتى فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org
**2019-يىلى 9-ئاي**

# 21-ئەسىردىكى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختات

## مۇندەرىجە


1-بۆلۈم: ھايات گۈزەل 1

2-بۆلۈم: بۇ ئىشلار راستىنلا يۈز بېرىۋاتامدۇ؟ 3

3-بۆلۈم: ئۇيغۇرلار كىملەر؟ 5

4-بۆلۈم: خىتاي ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن مىللىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ؟

5-بۆلۈم: خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا نېمە قىلىۋاتىدۇ ؟

6-بۆلۈم:بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ ئامېرىكا كېڭەشىدە بەرگەن گۇۋاھلىقى

7-بۆلۈم:خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى نېمە ئۈچۈن ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ؟

8-بۆلۈم: ياردەم قىلىش ئۈچۈن "توختات!" دەڭ

–ئامېرىكا كېڭەشگە يېزىلىدىغان ئۆلگە خەت

–پايدىلانغان كىتاب ۋە ماتېرىياللار تىزىملىكى

# 1 هايات گۈزەل

**ھايات گۈزەل! شۇنداققۇ!**

مەن بولسام بىر تىپىك ئامېرىكىلىق تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. مەنمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش مەكتەپكە بارىمەن، تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەيمەن ۋە مەكتەپ ئورۇنلاشتۇرغان پائالىيەتلەرگە تولۇق قاتنىشىمەن. ئويۇن ئويناشنى، ئائىلەمدىكىلەر ۋە دوستلىرىم بىلەن بىللە بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىشىم كىتاب ئوقۇش. چۈنكى ،كىتاب ئوقۇش مېنىڭ مەنىۋىيىتىمنى بېيىتىدۇ، تەسەۋۋۇرۇمنى ۋە ھەممىمىز بىرگە ياشايدىغان بۇ گۈزەل دۇنياغا بولغان چۈشەنچەمنى كېڭەيتىدۇ. مەن يەنە بىز نېمە ئۈچۈن دۇنيادا ياشايمىز ؟ قانداق قىلغاندا خۇشال بولغىلى بولىدۇ ؟ دېگەندەك سوئاللارنى سوراشقا ئامراق. مەن بارلىق ئىنسانلارنىڭ ياشاش مەقسىدىنى چۈشىنىشنى خالايمەن. ھاياتىمىزنىڭ بىزگە بېرىلگەن بىر سوۋغات ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن. ئىنسان ھاياتى ناھايىتىمۇ قىسقا، ھەر بىر ئىنساننىڭ مۇشۇ قىسقىغىنە ھايات سەپىرىدە خۇشال- خۇرام ياشاش ھەققى بار.بەختكە قارشى نۇرغۇن ئىنسانلارغا بۇنداق خۇشال ياشاش پۇرستى بېرىلمىگەن، ھەتتا بالىلارمۇ يوقسۇزلۇق،كېسەللىك ۋە تەبىئىي ئاپەت قاتارلىق ئاچچىق رېئاللىققا يۈزلىنىدۇ. ھالبۇكى ، ئەڭ ئېچىنىشلىقى ئىنسانلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۇمىدسىزلىكمىكىن، دەپ قارايمەن. مەسىلەن، 2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە **(1941-1945)** **6** مىليون يەھۇدىينىڭ گېرمان ناتسىستلىرى ۋە ناتسىست ھەمكارلاشقۇچىلىرى تەرىپىدىن قىيىن-قىستاق ۋە گاز ئارقىلىق ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھازىرغىچە چوڭ قىرغىنچىلىق ،دەپ ئەسلىنىدۇ. ياۋروپادىكى ئۈچتىن ئىككى قىسىم يەھۇدىي ئاشۇ قىرغىنچىلىقتا ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ ئىش توغرىلىق شۇنچە كۆپ كىتاب ئوقۇغان بولساممۇ، ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگىنىگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. " تۇغۇلىشىدىن بىگۇناھ، پاك تۇغۇلغان بىر ئادەم قانداق بولۇپ بۇنداق ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالىدىغاندۇ؟ بىر گۇرۇپپا ئىنسانلار قانداقسىگە يەنە بىر قىسىم بىگۇناھ ئىنسانلارغا مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق ئىشلارنى قىلىدىغاندۇ؟چوڭلارنىڭ قانداقسىگە بالىلارنى ئۆلتۈرگىسى كېلىدىغاندۇ؟ **4** يىل داۋاملاشقان بۇ ۋەھشىي قىرغىنچىلىقنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا قانداقلارچە يول قويۇلغان بولغىيتتى؟ شۇ چاغلاردىكى ئەقلى جايىدا ئادەملەر نەگە كەتكەن بولغىيتتى ؟" دەپ ئويلىنىپ قالىمەن. ئەگەر ئىجتىمائىي تاراتقۇلار شۇ چاغلاردىمۇ بار بولغان بولسا پۈتكۈل دۇنيانى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرۈش ئارقىلىق مىليونلىغان ھاياتنى قۇتقۇلدۇرۇپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بار بولغىيمىدى؟ مەن شۇ چاغدا تۇغۇلۇپ قالغان بولسام قانداق قىلار بولغىيتتىم؟ياردەم قىلىش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلار بولغىيتتىم؟، دېگەندەك سوئاللارنى ئۆزۈمدىن قايتا - قايتا سورىغاندىن كېيىن، ئاخىرى بۇ چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ يەر شارىدا قايتا يۈز بەرمەسلىكى كېرەك بولغان بىر پەۋقۇلئاددە تراگېدىيە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئالتە مىليون بىگۇناھ خەلقنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن دۇنيا بۇ جىنايەتنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىپ ، ئەقلى جايىدا ئادەملەردەس تۇرۇپ يەنە بىر چوڭ قىرغىنچىلىقنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بولدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۈمىد، ياخشى پۇرسەت، ئەركىنلىك ۋە مۆجىزىگە تولغان **21**-ئەسىردىكى بىر تەلەيلىك ياش بولغانلىقىمدىن مەمنۇن . ھايات نىمە دېگەن گۈزەل .

ئەپسۇس، 2018-يىلىنىڭ بېشىدا خەۋەر كۆرۈۋاتقىنىمدا ، "21-ئەسىردىكى چوڭ قىرغىنچىلىق "دېگەن كىشىنى پاراكەندە قىلىدىغان بىر تېما دىققىتىمنى تارتتى. ئۇلانمىنى ئېچىپ، خىتاينىڭ 2 مىليوندىن ئارتۇق بىگۇناھ ئۇيغۇر خەلقىنى جازا لاگېرلىرىغا سولىغانلىقى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاتتىق قىيىن- قىستاققا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى بىر خەۋەرنى ئوقۇدۇم. دەسلەپتە بۇ خەۋەرنى خاتا بولۇپ قالدىمىكىن، دەپ ئويلىغان ئىدىم . خىتايدەك چوڭ بىر دۆلەتنىڭ پۈتۈن بىر ئاز سانلىق مىللەتنى يوقىتىۋېتىشتەك بىر ئىشقا ئارىلىشىپ قېلىشىنى ئويلىغۇم كەلمەيتتى. چۈنكى، مەن دۇنيانى 20-ئەسىردىكى چوڭ قىرغىنچىلىقتىن تەجرىبە- ساۋاق ئېلىپ، تارىخنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىغا يول قويمايدۇ، دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا، بۇ خەۋەرنى كۆرگەندىن كېيىن مۇنداقلا ئوقۇپ تاشلاپ قويغۇم كەلمەي، ئۇيغۇرلار توغرىلىق ئازراق ئىزدىنىپ، بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تېپىپ چىقىش قارارىغا كەلدىم. بۇ دەملەردە، مەن ئالدىنقى قىرغىنچىلىقتا ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىيلارنىڭ "بۇنداق ئىشنىڭ يەنە قايتا يۈز بېرىشىگە يول قويماڭلار!" دەپ ماڭا نىدا قىلغان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاندەك ۋە چىرايلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم.



خىتاي ساقچىلىرى قورallıق ماشىنىلار بىلەن ئۈرۈمچى كوچىسىدا

2

# بۇ ئىشلار راستىنلا يۈز بېرىۋاتامدۇ؟!

شۇنداق قىلىپ مەن ھەر خىل تور بەتلىرى ۋە گېزىت- ژۇرناللاردىن ئۇچۇر توپلىدىم، ئامېرىكا كېڭىشىدە بېرىلگەن گۇۋاھلىقنى كۆردۈم. مۇئاۋىن پرېزىدېنت پېنسىنىڭ خادسىن ئىنستىتۇتى (Hudson Institute) دا سۆزلىگەن نۇتقىنى ئاڭلىدىم. ھەقىقەي ئەھۋالنى ناھايىتى ئازاپ ئىچىدە چۈشەنگەنسېرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقانلىرىنىڭ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى مەخپىي ۋە يوشۇرۇن ھالدا ھېچكىمگە بىلدۈرمەي تىنچ يوقاتماقچى ئىكەن. خىتايلارنىڭ بۇ پىلانى ناتسىستلارنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ۋەھشىي ئىكەن.

2017- -يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش پىلانى بويىچە ئۇلارنى جازالاشنى باشلىغان. ناتسىستلارنىڭ تەربىيەلەش لاگېرلىرىغا ئوخشاش، خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ ئاتالمىش شىنجاڭ رايونىدا 100 تۇرمە ياسىغان ھەم شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ پاسپورتىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىسىز خىتايدىن ئايرىلالمايدىغان بولغان. پاسپورتىنىڭ يىغىۋېلىنىشى ۋە لاگېرلارنىڭ سېلىنىشى بىلەن تەڭ ھۆكۈمەت 2 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى جازا لاگېرلىرىغا سولىغان، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئادەم تۇتۇپ قولغا ئالغان، لاگېرغا سولانغان ئۇيغۇرلار قويۇپ بېرىلمىگەن. ئەگەر ئائىلە ئەزالىرى لاگېرغا سولانغان ئۇرۇق- تۇغقانلىرىنىڭ ، بالىلىرىنىڭ، ئېرى (ئايالى) نىڭ قاچان قويۇپ بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدا سۈرۈشتە قىلسا ئۇلارنىمۇ لاگېرغا سولىغان. لاگېرلار داۋاملىق سېلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر پويىز بىلەن يىراق ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى خىتاي تۈرمىلىرىگە يۆتكىۋېتىلگەن. مەن بۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ئايرىلىپ، قىستا -قىستاڭ، قورقۇنچلۇق پويىز بىلەن گېرمانىيەنىڭ سىرتىغا، يەنى پولشىنىڭ ئاۋشۋىتز(Aushwitz) دېگەن يېرىگە يۆتكىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ئاتالمىش شىنجاڭدىن چىققان بەزى يېڭى ئۇچۇرلار تېخىمۇ بەك قورقۇنچلۇق. بەزى ئۇيغۇر يېزىلىرىدا نوپۇسىنىڭ 60% تىن كۆپرەكىنىڭ ئاشۇ تەربىيەلەش لاگېرلىرىدا يوقاپ كەتكەنلىكى خەۋەر قىلىنغان. تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولغىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان جەسەت كۆيدۈرۈش ئوچاقلىرىنى ياساپ، جەسەتلەرنى يوشۇرۇن كۆيدۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنى يىلتىزىدىن يوقىتىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىنغان. بۈگۈنكىدەك 21-ئەسىردىمۇ ئاشۇنداق قىرغىنچىلىقنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئەپسۇس، بۇ قېتىملىقى يەھۇدىيلار ئەمەس ئۇيغۇرلار قىرغىنچىلىقى.

بەزىدە مەن يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارنى بىلمەي قالسامچۇ، ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى نورمال ھاياتىمدا ياشاۋەرگەن بولسامچۇ، دەپ ئۈمىد قىلىپ قالىمەن، ھەتتا ئەگەر دۇنيا رەھبەرلىرى ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلمىسا بىر ئامېرىكىلىق بالا خىتاي ھۆكۈمىتىنى توسۇپ قېلىش ئۈچۈن نېمە قىلالايتتى، دەپ ئويلىغان ھەمدە خىتاي ھۆكۈمىتىنى توختىتىشتا ھېچنېمە قىلالمايدىغانلىقىمنى تەن ئالغان ۋاقىتلىرىممۇ بولغان. كېيىن توساتتىن ئەينى ۋاقىتتىكى ناتسىستلار يەھۇدىيلارنى مەجبۇرىي ھالدا كەمبەغەللەر رايونىغا يۆتكىگەندە باشقا گېرمانىيەلىك ئاددىي پۇقرالارنىڭمۇ مۇشۇنداق ئويلاپ قالغانلىق ئېھتىماللىقىنىڭ بار ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر مۇھىم ھەقىقەتنى ھېس قىلدىم. ئۇيغۇر بالىلىرى ئاتا- ئانىسىغا زار بولۇپ يىغلاۋاتىدۇ ، بۇ چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقەت. مەن چىرىكلەشكەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئىگە - چاقىسىز خەلققە زۇلۇم قىلىشىغا قاراپ تۇرالمايمەن. مەن ئائىلىدە توغرا ئىش قىلىش كېرەك ، دېگەن تەربىيەدە چوڭ بولدۇم؛ مەكتەپتە بولسا دۇنيانى تېخىمۇ گۈزەل بىر ماكانغا ئايلاندۇرۇش ، دېگەن تەربىيە بىلەن ئوقۇدۇم. چوڭ بولغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى ھاياتىمنى ئويلىسام ئۆز ئۆزۈمدىن 'مەن بۇ ھاياتىمدا يېتەرلىك ياخشى ئىش قىلالىدىممۇ؟' دەپ سورايمەن. ئەگەر مەن ئۆزۈمنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ئويلىسام ئۇلارنىڭ دەردىنى ھېس قىلالايمەن. مەن ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بۇ قىرغىنچىلىقنى توختىتىش ئۈچۈن نېمە قىلغانلىغىنى سورىغىنىنى ئاڭلىدىم. لېكىن، دۇنيانىڭ بۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق ئىش قىلمىغانلىقىنى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە جاكارلىيالايمەن. شۇنداق بولسىمۇ خۇددى كۆلچەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلانغان بىر تاشتەك ، بىر ئادەم باشقىلارغا تەسىر قىلىش، ئۇلار بىرلىشىپ يەنە باشقىلارغا تەسىر قىلىش ئارقىلىق ھەممەيلەن بىرلىكتە بىر خەلقنى قۇتقۇزۇپ قالالىشىمىز مۇمكىن. مەنمۇ بۇ كىتابنى دەل شۇ دۇنيا خەلقىنىڭ بىرلىك كۈچى ۋە مېھرى -شەپقىتى بىلەن بۇ مۆجىزىگە بىرلىكتە يېتەلەيدىغان ئىشەنچ بىلەن يازدىم.



لاگېردا تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان ئۇيغۇرلار 2017-يىلى خوتەن

# 3

# ئۇيغۇرلار كىملەر

ئىزدىنىشىمچە، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يىپەك يولى بويلىرىدا 2000 يىلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان تۈركىي مىللەت بولۇپ، ئىنگلىزچىدا " “ Uyghur دەپ ئاتىلىدۇ . بۇ سۆزنىڭ "ghur"دېگەن قىسمى ”girl“ دېگەن سۆزنىڭ "L” ھەرپىنى دېمەي ئوقۇغاندا چىققان تاۋۇشقا ئوخشاپ قالىدۇ، ھەتتا بۈگۈنكى تەرەققىي قىلغان تۈركىيەدىمۇ تۈركلەر ئۆزلىرىنى شۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەۋلادى، دەپ قارايدۇ.

قەدىمدىن بۇيان، ئۇيغۇر خەلقى يىپەك يولى بويلىرىدىكى قەشقەر،تۇرپان قاتارلىق قەدىمي بوستانلىق شەھەرلىرىدە ياشىغان. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇن ، بۇ رايون شەرقىي تۈركىستان، دەپ ئاتالغان. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، خىتاي بۇ رايوننى يېڭى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسمى، دەپ ئېلان قىلىپ، رايون ئىسمىنى 'شىنجاڭ' دەپ ئاتىغان. بۇنىڭدىكى "xin"دېگەن خەتنىڭ مەنىسى "يېڭى" ، “jiang” دېگەن خەتنىڭ مەنىسى چېگرا رايون ، دېگەنلىك بولۇپ، ھازىر رەسمىي يوسۇندا 'شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى'( XUAR) دەپ ئېلىنىدۇ. بۇ رايون خىتاينىڭ ئەڭ چوڭ قىسمى بولۇپ، پۈتۈن دۆلەتنىڭ 1/6 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. تېكساس شىتاتىدىن ئىككى ھەسسە چوڭ. خىتاي ھۆكۈمىتى تۈرلۈك نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ بۇ رايوندا نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى دۇنياغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ناخشا -ئۇسسۇل، شېئىر، مۇزىكا، قۇرۇلۇش-بىناكارلىق، دورىگەرلىك ۋە دىن جەھەتتە ئىنتايىن مول قەدىمىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولۇپ، ئەگەر سىز بىرەر ئۇيغۇرلار رايونىغا بېرىپ قالسىڭىز ياكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە بولۇپ قالسىڭىز ئۆزىڭىزمۇ سەزمىگەن ھالدا بىر تۈرك دۇنياسىغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز. بازارلاردا پىشۇۋاتقان كاۋاپنىڭ پۇرىقى، ئۆي -ئۆيدىن ۋە سودا دۇكانلىرىدىن چىقىۋاتقان ياڭراق ئوتتۇرا شەرق مۇزىكىلىرى بەكمۇ راھەتلىك،شوخ ۋە سىرلىق. مەسچىت ۋە مۇنارلىرى شۇنچىلىك چىرايلىق بولۇپ ،بىزنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان يەرلىرىمىزدىن تېپىك ھالدا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئالتۇن زىبۇ -زىننەتلىرى، شارپىلىرى كىشىگە يەنە بىر ئىستانبۇلنى ئەسلىتىدۇ. بازار ئارىلاپ ماڭسىڭىز كەشتە تىكىلگەن داستىخان، ياستۇق ۋە نەقىش ئويۇپ ياسالغان پىچاقلارنى كۆرەلەيسىز. قارىماققا بۇ يەر خۇددى بىر كونا دۇنيا، كىشىلىرى بولسا ھاياتقا بولغان قايناق ھېسسىياتى بىلەن خۇشال كۆرۈنىدۇ.

ئاتالمىش شىنجاڭدا 15 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر بار بولۇپ، ئۇلار نوپۇسنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار بۇ رايوننىڭ شەھەر ، يېزىلىرىغا ئولتۇراقلاشقان . ئۇيغۇرلار خېلى يىللارغىچە مەكتەپلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئەرەپچە ئېلىپبەلىك ئۇيغۇر تىل -يېزىقىنى قوللانغان. خېلى يىللارغىچە ئۇيغۇرلاردا ئازراق بولسىمۇ 'ئاپتونومىيە' بار ئىدى.

# ئۇيغۇر تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيتى




قەشقەر بازىرىدىكى دورا دەرمەكلەر





ئۇيغۇر قىزلار

ئۇيغۇر  ئۇسسۇل رەسمى





قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەسچىدى

# ئۇيغۇر تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيتى : تاماق



لەغمەن



زىق كاۋاپ



سامسا

ئۆپكە هېسسپ



# 4 خىتاي ھۆكۈمىتى نېمە ئۈچۈن مىللىي قىرغىنچىلىق ئېلىپ بارىدۇ؟

شى جىنپىڭ خىتايغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. 2018-يىلى مارتتا ، خىتايدا رەھبەرلەرنىڭ كۆپ بولسا ئىككى قېتىم سايلىنىش تۈزۈمى ئېلىپ تاشلاندى. دېمەك، شى جىنپىڭ خىتايغا بىر ئۆمۈر ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. خىتاينىڭ ئاخىرقى پادىشاھى پۇيى پادىشاھلىق تەختىدىن چۈشۈپ بىر يۈز بىر يىلدىن كېيىن، خىتايدا باشقىچە بىر يېڭى ئىمپېراتور بارلىققا كەلدى . شى جىنپىڭ خىتاينىڭ دۇنيادىكى تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىشىدا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. بۇرۇن كىشلەر خىتاينى ئاجىز، دەپ ئويلايتتى ، بۇ ھازىر پەقەت ئاز بىر قىسىم كىشلەرنىڭلا ئوي- خىيالى بولۇپ قالدى. شىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، خىتاي ھازىر ئۆز كۈچىنى دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقالايدىغانلىقى توغرىسىدا جار سالدى.

شى جىنپىڭ قارا نىيەتلىك بىلەن "بىر بەلباغ، بىر يول قۇرۇلۇشى" نامىدا تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ئاساسىي قۇرۇلۇش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، دۇنيا سودا يۆنۈلىشىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشنى پىلانلىغان. شىنىڭ بۇ پىلانى يىپەك يولىنى يېڭىدىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈر يول ئارقىلىق خىتاينى ئوتتۇرا ئاسىيا، روسىيە، تۈركىيە ۋە ياۋروپاغا تۇتاشتۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ يېڭى يىپەك يولى قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن،خىتاي ئاتالمىش شىنجاڭ رايونىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلالىشى كېرەك. ئاتالمىش شىنجاڭدا ياشايدىغان 15 مىليون ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاينىڭ بۇ پىلانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تىلى، مەدەنىيىتى ۋە دىنىنى ئۇنتۇپ خىتاي تىلىنى ئۆگىنىشى، خىتاي مىللىتىگە ئوخشاش ياشىشى كېرەك، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئۇيغۇرلاردىن بۇ بۇيرۇققا ئەمەل قىلمىغان ھەر قانداق بىر شەخس جازا لاگېرلىرىغا سولانغان .

ئاتالمىش شىنجاڭ رايونىدا ئۇيغۇرلار ئاساسلىق مىللەت بولسىمۇ ،بۇ يەردە يەنە ئۇيغۇرلاردىن باشقا قازاق، تاجىك قاتارلىق ئۆزگىچە مەدەنىيەتكە ئىگە ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بار. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ خىتايغا قارشى تۇرۇشى ۋە ئۆزلىرىنىڭ بۇ باي رايوننى يوقىتىپ قويۇشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدۇ. ئاتالمىش شىنجاڭدا تەبىئىي بايلىق ئىنتايىن كۆپ بولۇپ ، پۈتۈن خىتاي نېفت مەنبەسىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. خىتاي پاختا مەھسۇلاتىنىڭ %60 ئى ئاتالمىش شىنجاڭدىن چىقىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ، ئاتالمىش شىنجاڭ رايونى خىتاي تۇپرىقىنىڭ 1/6 قىسمىنى ئىگىلىگىنىگە قارىماي ، ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ ئاران %1 نى تەشكىل قىلىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىپ ، رايوننى خىتايلاشتۇرۇشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل نېمە؟ ، دېگەن سوئالغا جاۋاپ ئىنتايىن ئاددىي، يەنى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر خەلقىنى رەھىمسىزلارچە پۈتۈنلەي يوقىتىپ، بۇ رايونغا تەلتۆكۈس ئىگىدارچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت .



نامايش جەريانىدا ساقچىلار بىلەن تۇتۇشقان ئۇيغۇر ئاياللار



قىزىل رەڭدىكىسى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى

كۈندىلىك  ھاياتتا مەۋجۇت خىتاي ئارمىيىسى



# 5 خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارغا نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ ؟

2016-يىلى ئاۋغۇستتا، شى جىنپىڭ تىبەتتىكى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ باش سېكرېتارى چېن چۈئەنگونى ئاتالمىش شىنجاڭغا يۆتكەش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. چېن چۈئەنگو تىبەتنى باشقۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن بولۇپ، ئەمدى ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشتەك ئىنسانىيەتكە قارشى قەبىھ قىلمىشنى شىنجاڭدا داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ. شى جىنپىڭ چېن چۈئەنگوغا ئاتالمىش شىنجاڭ رايوننى پۈتۈنلەي كونترول قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەن بولۇپ ، بۇنىڭ بىلەن چېن چۈئەنگوغا ئۇيغۇرلارنى خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر قانداق ۋاستە قوللانسا بولىدىغان تولۇق ھوقۇق بېرىلگەن بولىدۇ.
نەچچە يىل قاتتىق قوللۇق سىياسەت ئارقىلىق 3 مىليون تىبەت خەلقىنى قاتتىق باستۇرۇپ كەلگەن چېن ئاتالمىش شىنجاڭغا يېتىپ كېلىپ 15 مىليون ئۇيغۇر خەلقىنى باستۇرۇشقا تەييار بولغان . خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پادىشاھى شى جىنپىڭ ۋەئاتالمىش شىنجاڭ پارتىيە سېكرېتارى چېن چۈئەنگونىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش پىلانى تۆۋەندىكىچە:

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش پىلانى:

1-بارلىق پاسپورتلارنى يىغىۋېلىپ، ئۇلارنى بۇ رايوندىن چىقارماسلىق.
2- يۈزدىن ئارتۇق تەربىيىلەش لاگېرلىرىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنى قىيناش؛ دۇنياغا بولسا بۇنى ئۇيغۇرلارغا تېخنىكا ئۆگىتىش مەكتىپى، دەپ جاكارلاش؛ ئەگەر باشقىلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يالغانچىلىقىنى ئاشكارىلاپ قويسا، ھۆكۈمەت بۇنى "يالغان خەۋەر" دەپ ئېلان قىلىش.
3-ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى تۇتقۇن قىلىش.
4-بارلىق ئوقۇمۇشلۇق ئۇيغۇرلارنى، پروفېسسور، دوختۇر، سودىگەر، ئارتىس، يازغۇچى ھەتتا داڭلىق تەنتەربىيىچىلەرنىمۇ قولغا ئېلىش.
5-پۈتۈن ئائىلىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن شۇ ئائىلىدىن ئاز دىگەندە بىر ئادەمنى جازا لاگېرلىرىغا سولاش، ئەگەر كىمكى شۇ كىشىنىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلسا ئۇنىمۇ لاگېرغا سولاش.
6-تەربىيىلەش لاگېرلىرىدىكى ئاياللارنىڭ باسقۇنچىلىقتا ئۇچرىغانلىقى خەۋەر قىلىنغان. ئەگەر بىرەر ئايال باسقۇنچىلىققا نارازىلىق بىلدۈرسە ئۆلۈم ئوكۇلى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش.
7-ئاتا -ئانىلىرى لاگېرلارغا سولانغان باللارنى باشقا ئۇيغۇرلار بېرىپ يوقلىيالمايدىغان يېپىق مەكتەپلەرگە (ماھىيەتتە باللار لاگېرى)غا ئورۇنلاشتۇرۇش .

**ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى يوقىتىش پىلانى ( داۋامى)**

**8-ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىش، يەنى كىمكى ناماز ئوقۇسا،ھاراق ئىچمىسە، تاماكا چەكمىسە، ئاممىۋى سورۇندا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشسە شۇ كىشىنى قولغا ئېلىش(ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ھاراق ئىچىش بىلەن تاماكا چېكىش دىنى تەرەپتىن چەكلەنگەن).**

**9-ئۇيغۇرلارنى ئۆز دىنىدىن ۋاز كەچكۈزۈش.**

**10-چوشقا گۆشى يېيىشنى رەت قىلغان ھەر قانداق ئۇيغۇرنى تۇتۇش (چوشقا گۆشى يېيىش ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىدا چەكلەنگەن).**

**11-ختايلارنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدە ياشاشقا ئورۇنلاشتۇرۇش.**

**12-بارماق ئىزى ۋە DNA نى يىغىش.**

**13-بارلىق كوچا ۋە كوچا ئېغىزلىرىغا نازارەت قىلىش ئاپپاراتى ئورنىتىپ، ئەڭ يېڭى يۈز تونۇش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى نازارەت قىلىش.**

**14-ئۇيغۇرلارنىڭ ماشىنا ھەيدىشىنى24سائەت كۆزىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ماشىنىسىغا GPS ئورنىتىش.**

**15-ئۇيغۇر ئەر- ئاياللىرىنى تۇغماسلىق دورىسى ئىچىشكە مەجبۇرلاش.**

**16-ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەلدىكى تۇغقانلىرى ئۇلار ئۈچۈن گەپ قىلسا ئۇلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئائىلىسىنى ئۆلتۈرۈش.**

**17-باشقا دۆلەتلەرگە پۇل بېرىپ شۇ يەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنى ختايغا مەخپىي قايتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە قايتقان ھامان ئۇلارنى تەربىيلەش لاگىرلىرىغا سولاش.**

**18-لاگىردىكى 500 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى خېيلوڭجياڭ ئۆلكىسىگە، 300 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى گەنسۇ ئۆلكىسىگە مەخپىي ھالدا يۆتكەش (ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى لاگىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە ئىچكى موڭغۇلىيە ۋە سىچۈەن قاتارلىق ئاز دېگەندە بەش ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۆتكەلگەنلىكى توغرىلىق خەۋەر بەرگەن )**

**ئۇلانما: http://www.rfa.org/english/news/uyghur/detainees/02212019162142.html**

**19-ئۇيغۇرلارنى نېرۋا، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قىيناپ، ئۇلارنى لاگىردا ئۆلتۈرۈش.**

**20-جەسەت كۆيدۈرۈش ئوچاقلىرىنى سېلىش. بۇ ئۈچۈر تۆۋەندىكى ئۇلانمىدا تەپسىلي يېزىلغان.**

**http://youtube/o9uQTjaUCQ8**

**21-ئۇيغۇرلارنىڭ ھەتتا ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئورگانلىرىنى سېتىش**


**http://eng.the-liberty.com/2018/7286/**

**22-ئاتالمىش شىنجاڭدىكى بارلىق مەسچىتلەرنى چېقىپ تاشلاش**

**https://bitterwinter.org/a-case-study-in-destroying-faith/**




**1-رەسىم: خىتايلارنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ رايوندىكى جازا لاگېرى**



**2-رەسىم: خىتايلارنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ رايوندىكى يېڭىدىن سېلىنغان 'قايتا تەربىيىلەش' لاگېرلىرى**

# 6

# بىر ئۇيغۇر ئايالنىڭ ئامېرىكا پارلامېنتىدا بەرگەن گۇۋاھلىقى

2018-يىلى29 -نويابىر، مېھرىگۇل تۇرسۇن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى قارمىقىدىكى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتىدا گۇۋاھلىق بەردى. مەركىزى كومىتېتقا ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيۇ رەئىسلىك قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ قېتىملىق گۇۋاھلىق بېرىشنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلار ئۈستىدە يۈرگۈزىۋاتقان ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندىچىلىكى ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان 4- قېتىملىق گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى . بۇ ئۇيغۇر ئايالنىڭ پارلامېنتتا بەرگەن گۇۋاھلىقى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى، چۈنكى بۇ ئايال ياكى ئاخباراتچى ياكى كۆزەتكۈچى بولماستىن، بەلكى21-ئەسىردىكى خىتاي جازا لاگېرىدىن قۇتۇلۇپ چىققان بىر ئايال . مېھرىگۇل تۇرسۇن لاگېرىدا ئۆزى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن شۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان دەھشەتلەرنى بايان قىلدى. مىھرىگۇل بۇ گۇۋاھلىقىنىڭ ۋەتەندە قالغان ئائىلىسى، ھەتتا ئۆزى ھەم باللىرىنىڭ بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.راست دېگەندەك مېھرىگۇل گۇۋاھلىقتىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇرلارنى قوللاش گۇرۇپپىسىدا سۆزلىگەن سۆزلىرىنىڭ ھەممىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا تەھدىت تېلېفونى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى ئېيتتى.



مېھرىگۈلنىڭ گۇۋاھلىق بىرىش ۋىدىئوسىنى تولۇق كۆرۈش ئۈلانمىسى:
http://www.youtube.com/watch?v=rrf8eW9xe7E

رەئىسداش رۇبىيۇ، رەئىسداش سىمىس ۋە ۋەكىللەر، مەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە ئامېرىكا خەلقىگە مېنى قۇتقۇزۇپ بۇ گۈزەل، ئەركىن دۆلەتكە ئېلىپ كەلگىنىڭلار ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىمەن. ئۆتكەنكى ئۈچ يىل ئىچىدە، مەن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۈچ قېتىم تۇتۇپ تۇرۇش مەركەزلىرىگە ئېلىپ كېتىلدىم. مەن لاگىردا جەمئىي 10 ئاي تۇردۇم. بۇ جەرياندا، خىتاي ھۆكۈمەت خادىملىرى تەرىپىدىن روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە قاتتىق قىيىن -قىستاققا ئېلىندىم. خىتاينىڭ "تەربىيىلەش لاگىرى" ياكى "قايتا تەربىيىلەش مەركىزى " دەپ ئاتىۋالغان شۇ لاگىردىكى ھاياتىمنى سۆزلەش ئارقىلىق ماڭا گۇۋاھلىق بېرىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىڭلارغا كۆپ رەھمەت.

مېنىڭ ئىسمىم مېھرىگۈل تۇرسۇن، 29 ياش ، مىللىتىم ئۇيغۇر. مەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۇرتى بولغان شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى چەرچەن، دېگەن يەردە تۇغۇلغان. بۇ يەر ھازىر رەسمىيەتتە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، دەپ ئاتىلىدۇ. مەن 12 ياش ۋاقتىمدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر بالىلارنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ خىتاينىڭ باشقا رايونلىرىغا يۆتكەش پىروگراممىسى بويىچە گۇاڭجۇدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇدۇم. بۇ "شىنجاڭ" سىنىپى سىياسىتىدە مىڭلىغان ئۇيغۇر بالىلىرىنى ئائىلىسىدىن، ئۆز تىلىدىن، مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئايرىپ، خىتاي ئىدىيىسى سىڭدۈرۈۋېتىلىدۇ. بۇنىڭ مەقسىتى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنى مەدەنىيەت كىملىكى، دىنىي ئېتىقاتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلاش ئارقىلىق خىتايلارغا ئوخشاش ياشاتقۇزۇش. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مېنىڭ بۇ پروگراممىدا ئوقۇشۇم مېنى مىللىي كىملىكىمگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىپ يېتىشتۈردى. خىتاي شەھىرىدىكى خىتايچە مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا، باشقا خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېنى داۋاملىق كەمسىتىشى ۋە بوزەك قىلىشى ماڭا ئۆزۈمنىڭ بۇ كۆپ نوپۇسلۇق خىتاي مىللىتىگە ئوخشىمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدۇردى.

كېيىن مەن گۇاڭجۇ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىقتىساد كەسپىدە ئوقۇدۇم. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەرەپ دۆلەتلىرى بىلەن سودا قىلىدىغان بىر شەخسىي شىركەتتە ئىشلىدىم. مېنىڭ بۇرۇندىنلا چەتئەللەرگە چىقىپ ئېنگلىزچە ئۆگىنىش ئارزۇيۇم بار ئىدى، شۇ ئارزۇ -ئۈمىد بىلەن ئاخىرى مىسىردىكى بۈيۈك بىرىتانىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. شۇنىڭ بىلەن، 2011-يىلى10-دېكابىردا ۋەتەنىدىن ئايرىلىپ مىسىرغا ئوقۇشقا باردىم. ئۇ يەردە يولدىشىم بىلەن تونۇشۇپ، 2015-يىلى مارتتا مىسىر گىراژدانى بولغان ئۈچ گېزەك پەرزەنت يەنى ئىككى ئوغۇل، بىر قىز تۇغدۇم. بالىلىرىمغا قاراشتا قىينالغانلىقىم ئۈچۈن ئاتا -ئانامنىڭ ياردىمىدە بالىلىرىمنى بىراز چوڭ قىلىۋېلىش مەقسىتىدە ئىككى ئايلىق بولغان ئۈچ گېزەك بالىلىرىمنى ئېلىپ 2015-يىلى مايدا خىتايغا قاراپ يولغا چىقتىم. مېنىڭ بۇ ئازاپلىرىم خىتايغا پۇت دەسسىگەن مىنۇتتىن باشلانغان ئىدى.

مەن ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىكى چېگرىدىن ئۆتىدىغان مۇلازىمەت ئورنىغا كېلىشىمگىلا ئايرىم بىر ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىلىپ سوراققا تارتىلدىم، بالىلىرىم ئايرودرۇمدىلا مەندىن ئايرىپ ئېلىپ كېتىلدى. خىزمەتچىلەر مېنىڭ مىسىردا كىم بىلەن كۆرۈشكەن ۋە سۆزلەشكەنلىكىمنى قايتا -قايتا سورىدى. ئاندىن ئۇلار قولۇمغا كويزا سېلىپ ، بېشىمغا بىر قارا خالتا كىيگۈزۈپ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىغا ئېلىپ ماڭدى، مەن بالىلىرىمنى كۆرۈش ۋە ئىمتىشتىن مەھرۇم قالدىم.
ئۈچ ئايدىن كېيىن، خىتاي خىزمەتچىلىرى بالىلىرىم ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مېنى شەرتلىك قويۇۋەتكەنلىكىنى، بالىلىرىم بىلەن ئۇلار ساقايغىچە بىللە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنداقلا پاسپورتۇم، سالاھىيەت گۇۋاھنامەم ۋە تېلېفونۇمنى ئېلىۋېلىپ، مېنىڭ تېخىچە تەكشۈرۈشتە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى ئاگاھلاندۇردى.

مەن ئۇدۇل دوختۇرخانىغا بالىلىرىمنى كۆرگىلى باردىم، چوڭ ئوغلۇم جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە ئىكەن، ئۇنى يىراقتىن ئەينەك دېرىزە ئارقىلىق كۆرەلىدىم ،بىراق ئانىلىق مېھرىم بىلەن ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقان ياكى ئالمايۋاتقانلىقىنى بىلىش ئىمكانىيىتىم بولمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە، ئۇلار ئوغلۇمنى نەپەستىن توختاپ قالدى، قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدۇق، دەپ جەسىتىنى قايتۇرۇپ بەردى.

تۆت ئايلىق ئوغلۇمنى دەپنە قىلىش جەريانىدا ،ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىغانلىقىمدىن ئۆزۈمنى گۇناھكار ھېس قىلىپ تۈگىشىپلا كەتتىم. مەن تۇرمىدىكى ۋاقتىمدا بالامنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىنغانلىقى ۋە بويندىن تاماق يېگۈزىدىغان شىلنىكە كىرگۈزۈلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان بولساممۇ، نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئوپېراتسىيە قىلىنىشى زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنمىدىم. چۈنكى، بىز مىسىردىن ئايرىلغاندا بالام نورمال چوڭ بولۇۋاتقان ئىدى ھەمدە بوتۇلكا بىلەن سۈت بەرسىمۇ يەنە بولىۋېرەتتى.

قالغان ئىككى بالامنىڭ سالامەتلىكىدە مۇرەككەپ كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، كېيىنكى بىر نەچچە ئايىنى قىزىمنىڭ كۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش، دېگەندەك بالىلىرىمنى داۋالىتىش بىلەن ئۆتكۈزدۈم، شۇندىن بېرى بالىلىرىمنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس.

پاسپورتۇم تارتىۋېلىنغان ھەم ئىسمىم قارا تىزىملىككە چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن مىسىرغا قايتىپ كېتەلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سالاھىيەت گۇۋاھنامەمدە بىر قارا چېكىت بار بولۇپ ، مەن نەگە بارسام سايرايتتى، دوختۇرخانا،دورىخانا، ھەتتا ئاپتوبۇستىمۇ ساقچىلار مېنىڭ گۇۋاھنامەمنى تەكشۈرۈپ، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرغىنىمنى تەستىقلاپ تۇراتتى.

2017-يىلى ئاپرېلدا ، مەن ساقچىلار تەرىپىدىن چەرچەندىكى ئۆيۈمدىن 2-قېتىم تۇتۇپ كېتىلىپ ، مىسىردا نېمە ئىش قىلغانلىقىم توغرىسىدا قايتا سوراققا تارتىلدىم. بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ خادىملىرى مېنى تۆت كېچە - كۈندۈز ئۇخلاتماي سوراققا تارتىپ قىينىدى، چېچىمنى چۈشۈرىۋېتىپ ، ھەممە يېرىمنى تەپسىلىي تەكشۈردى. بۇ ئۈچ ئاي تۇرمىدىكى قىيىن- قىستاققا ئېلىنىش جەريانىدا سالامەتلىكىم ئاجىزلاپ، ھوشۇمدىن كېتىش ۋە تۇتقاقلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن مېنى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا يۆتكىۋەتتى.كېيىن دادام مىنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىپ، مىنى ئۆيدە داۋالىدى، مەن ئاستا-ئاستا ئەسلىمگە كېلىشكە باشلىدىم.

2018- يىلى يانۋاردا مەن يەنە سەۋەبسىز قامالدىم. ئۇلار پۇت - قولۇمغا كويزا سېلىپ، بېشىمغا بىر قارا خالتا كىيگۈزۈپ مىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. بىر ئايال ۋە ئىككى ئەر ساقچى مىنى يالىڭاچ ھالەتتە باغلاپ ، كومپيۇتېرلاشقان بىر ماشىنىغا سېلىپ بەدەنلىرىمنى تەكشۈردى ۋە ماڭا 54-نومۇرلۇق كۆك رەڭلىك تۇرمە كىيىمنى كىيگۈزدى. بىر خىتاي خىزمەتچى ماڭا بۇ كىيىمنىڭ ئادەتتە مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايىتى ئېغىر جىنايەتچىلەرگە كىيگۈزۈلىدىغانلىقىنى ، '54' دېگەن نومۇرنىڭ "مەن ئۆلدۈم" دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى . مەن قورققىنىمدىن " ئەمدى مەن مۇشۇ لاگىردا تۈگەشتىم" دەپ ئويلىدىم. مەن شۇ ھالەتتە يەنە ئۈچ كېچە - كۈندۈز سوراققا تارتىلدىم ، ئۇلار مەندىن"چەتئەلدە كىملەرنى تونۇيسەن؟ كىملەر بىلەن يېقىن؟ كىم ئۈچۈن ئىشلەيسەن؟ " دېگەندەك ئوخشاش سوئاللارنى قايتا - قايتا سورىدى. مەن چەتئەلدە ياشىغانلىقىم ۋە بىر نەچچە خىل تىل بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلار مىنى ئىشپىيون، دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. قوللىرىم تاياق دەستىدىن قاناپ كەتتى، ئىككى قېتىم دورا ئىچكۈزۈپ بارماقلىرىنى ئاغزىمغا تىقىپ دورىنى يۇتقان -يۇتمىغانلىقىمنى تەكشۈردى. دورىنى ئىچكەندىن كېيىن ئىشتىيىم تۇتۇلۇپ روھسىز ۋە ھوشسىز بولۇپ قالدىم.

ئارقىدىن ئۇلار مىنى يەر ئاستىدىكى دېرىزىسى يوق تۈرمىگە سولىدى، تۆمۈر رىشاتكىلىق بۇ تۈرمىنىڭ ئىشكى كومپيۇتېرلاشقان تاقاش ۋە ئېچىش سىستېمىسى ئارقىلىق باشقۇرىلاتتى. تۈرمىنىڭ تورىسىدا بىر كىچىك تۆشۈك بار بولۇپ، شۇ يەردىن هاۋا كىرەتتى. ئۇلار بىزنى هېچقاچان ساپ هاۋادىن نەپەسلەندۈرگىلى سىرتقا ئېلىپ چىقمايتتى. هاجەت قاچىسى مۇشۇ ئوچۇقچىلىقتىكى بىر بۇلۇڭغا قويۇلغان بولۇپ، هاجەت قەغىزى يوق ئىدى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى هەممە بۇلۇڭغا ئاپپارات ئورنىتىلغان بولۇپ، ساقچىلار هەممە بۇلۇڭنى، هەتتا هاجەت قاچىسى قويۇلغان بۇلۇڭنىمۇ كۆرەلەيتتى. ئۆيدە داۋاملىق يېنىقلىق تۇرىدىغان بىر چىراق بار ئىدى.

40 كۇۋادىرات مېتىر كەلمەيدىغان بۇ ئۆيدە 60 ئايال بار بولۇپ، كېچىدە بىر قىسمىمىز يانمۇ-يان يېتىپ ئۇخلايتتۇق، قالغان پاتمىغان 10، 15 ئايال ئۆرە تۇرۇپ بىزنى ساقلايتتى. ئىككى سائەتتىن كېيىن بىز ئويغىنىپ ئۆرە تۇراتتۇق، ئاندىن ئۇلار يېتىپ ئۇخلايتتى. كېچىنى نۆۋەت بىلەن مۇشۇنداق ئالمىشىپ ئۇخلاپ ئۆتكۈزەتتۇق. ئارىمىزدا يۇيۇنمىغىلى بىر يىلدىن ئاشقانلارمۇ بار ئىدى. 1-كۈنى بەكلا قىينالدىم، پۇت- قولۇمدىكى زەنجىر باشقا ئاياللارنىڭ پۇت -قولى باغلانغان يەنە بىر ئۇزۇنراق زەنجىرگە ئۇلاغلىق بولۇپ، هەممىسى بىر بىرىگە چېتىلغان ئىدى. مەن ئىچىمدە " مەن نېمىنى خاتا قىلدىم؟ هېچقانداق گۇناهىم يوق ۋە چۈشەندۈرۈش يوق ئەهۋالدا نېمىشقا بۇ يەردە تۇرىمەن؟ مىنىڭ زادى نېمە گۇناهىم بار؟ مەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىل مۇئامىلىگە ئۇچرايمەن؟ نېمىشقا هاجەت قەغىزى يوق ؟ نېمىشقا يۇيۇنالمايمەن؟ هەتتا يۈزۈمنىمۇ يۇيالمايمەن؟ نېمە ئۈچۈن يېتەرلىك نان ۋە سۇ يوق؟" دېگەنلەرنى ئويلاپ كېتەتتىم.

بىز هەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 5:00 تە كۈچلۈك قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى بىلەن ئويغىناتتۇق، ئويغىنىپلا هەممىمىز تەڭ يېپىنىدىغان كىچىك يوتقاننى قاتلايتتۇق، يوتقان رەتلىك ۋە سىمترىك هالەتتە قاتلانمىسا ئۆيدىكى هەممەيلەن جازالىناتتۇق ياكى يوتقىنىمىزنى تارتىۋالاتتى، ئۇ چاغدا بىز قاتتىق سىمونت يەردە ئۇخلاشقا مەجبۇر بولاتتۇق.

ئەتىگەنلىك ناشتا (ئادەتتە ناشتىغا سۇ بىلەن كىچىككىنە گۆرۈچ بىرەتتى) يېيىشتىن بۇرۇن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسىنى مەدھىيىلەيدىغان ناخشا ئېيتاتتۇق ۋە "ياشىسۇن شى جىنپىڭ! "، "ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك، قارشى تۇرغانلارغا قاتتىق جازا" دېگەن سۆزلەرنى خىتايچە تەكرار- تەكرار ئېيتاتتۇق.

جازا لاگېرىنىڭ قائىدىسىنى يەتتە كۈن ئىچىدە، كوممۇنىست ئىدىئولوگىيەسىنى ماختايدىغان نۇتۇق يېزىلغان پۈتۈن كىتاپنى 14 كۈن ئىچىدە ئۆگىنىپ بولۇشىمىز كېرەك ئىدى.ئاۋازى ئۈنلۈكرەك چىقماي قالغان ياكى خىتايچە ناخشىنى ئېيتالماي قالغان ۋە ياكى مەلۇم بىر قائىدىنى يادلىيالماي قالغان ئاياللارغا تاماق بېرىلمەيتتى ياكى ئۇلارنى ئۇراتتى. قائىدە بويىچە ئۈچ ۋاخ تاماق بېرىلىشى كىرەك ئىدى، لېكىن بەزى كۈنلىرى هەتتا پۈتۈن بىر كۈن تاماق يوق ئىدى، بار بولغان تەقدىردىمۇ كۆپىنچە هالاردا هور نان بېرىلەتتى. لاگېرغا سولانغان كىشلەرنىڭ سانى كۆپەيگەنسېرى بېرىلىدىغان هور نانمۇ كىچىكلەپ كېتىۋاتاتتى. ئەزەلدىن مېۋە ياكى كۆكتات بېرىلمەيتتى. بىزنى نامەلۇم دورا ۋە بىر خىل ئاق سۇيۇقلۇق ئىچىشكە مەجبۇرلايتتى، دورا ئاڭ سېزىمىمىزنى يوقىتىپ، ئەقلىي ئىقتىدارىمىزنى ئاجىزلاشتۇرىۋاتاتتى. ئاق سۇيۇق دورا ئاياللارنىڭ نورمال ئادەت كۆرۈشنى توختىتىۋەتىسىمۇ، بەزى ئاياللاردىن ئېغىر دەرىجىدە قان كېلىپ هەتتا بەزىلەرنىڭ ئۆلۈمگە سەۋەپ بولاتتى.

خۇددى مىنىڭ تۇرمىدىكى ئېچىنىشلىق ئەهۋالىم يېتەرلىك بولمىغاندەك ئۇلار مىنى ئېلېكترونلۇق ئورۇندۇق، يەنى 'يولۋاس ئورۇندۇق' دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇندۇق بار بىر ئالاهىدە ئۆيگە ئەكىردى. بۇ بىر قىيناش ئۆيى بولۇپ، پەقەت بىرلا ئورۇندۇق، بىرلا چىراق بار ئىدى. تامدا ئارغامچا ۋە كەمەرلەر ئېسىغلىق ئىدى. ئۇلار مېنى ئاشۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ بىر

كۆنۈپكىنى بىسپىلا  پۈت -قولۇمدىكى باغلاقنى قۇلۇپلاپ چىڭىتتى، بىشىمغا قاتتىق شەپكىدەك بىر نەر كىيگۈزۈپ منى توك ئۆتكۈزۈپ قىينىدى. ھەر قېتىم توك ئۆتكۈزۈپ قىينىغاندا بەدىنىم قاتتىق سىلكىنىپ ھەتتا تومۇرۇمدىكى ئاغرىقنىمۇ ھېس قىلاتتىم . ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي ئۇلارغا منى ئۆلتۈرىۋېتىڭلار، دەپ يالۋۇردۇم.

ئۇلار مىنىڭ ئەمەلىيەتتە چەت ئەلدە ھېچقانداق سىياسىي پائالىيەتكە ئارىلاشمىغىنىمغا قارىماي، ھاقارەت سۆزلىرى بىلەن تىللاپ گۇناھىمنى ئۆز ئۈستۈمگە ئېلىشقا قىستايتتى ھەمدە ماڭا پىسخىكا جەھەتتىن ھۇجۇم قىلىپ: "ئاپاڭ قايسى كۈنى ئۆلدى، داداڭ مۇددەتسىز قاماق جازاسى بىلەن تۈرمىدە، ئوغلۇڭمۇ دوختۇرخانىدا ئۆلدى، قىزىڭنىڭ كۆزى مەڭگۈ شۇنداق بىنورمال ھالەتتە قېلىپ  ساقايمايدۇ، كېيىن قىزىڭ كوچىغا تاشلىنىدۇ چۈنكى سەن مەڭگۈ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايسەن، ئاخىرىدا پۈتۈن ئائىلەڭ ۋەيران بولىدۇ" دەپ تەھدىت سالاتتى .

 ھەم بىر پەرزەنت، ھەم بىر ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن  بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاش مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن بىر ئازاپ ئىدى. ئۆزۈمنى بىر ئېغىر گۇناھكار، ئەرزىمەس ھېس قىلاتتىم، يىغلاپ تۇرۇپ ئۇلارغا منى ئۆلتۈرىۋېتىش توغرىلىق يالۋۇراتتىم . ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھېچقانداق ئىش ئېسىمدە يوق، ئاغزىمدىن ئاق كۆپۈك چىقىپ ھۇشۇمدىن كېتىپتىمەن، ئەڭ ئاخىرىدا ئېسىمدە  قالغىنى  ئۇلارنىڭ: "ئۇيغۇر بولغانلىقىڭنىڭ ئۆزى سېنىڭ گۇناھىڭ" دېگەن بىر ئېغىز سۆزى بولدى. مەن بۇ سۆزدىن كېيىن يەنە ھۇشۇمدىن كېتىپتىمەن. دەسلەپتە كىرگەن 210-نومۇرلۇق تۈرمىدە17 ياشتىن 62 ياشقىچە 40 تىن ئارتۇق ئايال بار ئىدى، تۈرمە ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى كىرگەنلەر بىلەن توشۇپ كېتىپ قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتەتتى. مەن ئۈچ ئايدىن كېيىن تۈرمىدىن چىقىپ كەتكەندە 68  ئايال قېلىپ قالغان ئىدى.

مەن بۇ  تۈرمىدە ياتقان ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسىنى تونۇيتتىم. بەزىلىرى مىنىڭ قوشنام ، بەزىلىرى مىنىڭ بۇرۇنقى مۇئەللىمىم ياكى دوختۇرنىڭ قىزى ئىدى، ھەتتا ئۇ يەردىكى بىر قىز بۇرۇن منى داۋالىغان، ئۆزى ئەنگىلىيەدە ئوقۇپ كەلگەن بىر دوختۇرنىڭ قىزى ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كۆپ ئوقۇغان، بىلىملىك پروفېسسورلار ئىدى.

مەن ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغىنى  تۈرمداشلىرىمنىڭ قىينىلىپ ئۆلۈپ كېتىشىگە شاھىد بولغىنىم ئىدى. كېچە ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىراش   ۋاقتى بولۇپ، كىشىلەرنى تۈرمىدىن تۈرمىگە يۆتكەش، جەسەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى كېچىدە يۈز بېرەتتى. كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا بىز باشقا تۈرمىدىكى ئەرلەرنىڭ ئازاپلىق  ئىڭراشلىرىنى، ئۇرغان تاياق ئاۋازلىرىنى ۋە ئاغرىققا چىدىماي ۋاقىرىغان ئاۋازلارنى، ئۇلارنى يۆتكەش ئۈچۈن كارىدوردا ئېلىپ ماڭغاندا پۈتىدىكى زەنجىرنىڭ يەرگە تەگكەندىكى يىرگىنچلىك ئاۋازلىرىنى ئاڭلايتتۇق ۋە  ئىچىمىزدە بۇ ئەرلەر بەلكى بىزنىڭ ئاكا-ئىنىلىرىمىز، دادىلىرىمىز بولۇش ئېھتىماللىقىنى ئويلاپ تېخىمۇ چىدىماي قالاتتۇق.

بەختكە قارشى، مەن تۈرمىدە ياتقان 3 ئاي ئىچىدىلا 68 تۈرمىدىشىمدىن 9 ئايالنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە شاھىد بولدۇم. ئەگەر 3 ئاينىڭ ئىچىدە  كىچىك بىر تۈرمىنىڭ ئۆزىدىنلا 9 كىشى ئۆلۈپ كەتتى، دەپ ھېساپلىغاندا پۈتۈن رايوندا ھازىر قانچە ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللاردىن بىرسى 62 ياشلىق گۈلنىسا ئىسىملىك ئايال بولۇپ، پۈتۈن بەدەنلىرىنى يارا قاپلاپ كەتكەن، قولى توختىماي تىترىگەچكە ھېچنېمە يىيەلمەيتتى. بۇ ئايالنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي دوختۇرلار ئۇنى سالامەتلىكى ياخشى، دەيتتى. تۈرمە دوختۇرلىرى كېسەللەرنى ئاغرىق بولسىمۇ ياخشى، دىيىشى كېرەك ئىدى، ئەگەر ئۇنداق  دېمىسە دوختۇرلار كېسەللەرگە ئىچ ئاغرىتقان ياكى كېسەلگە كۆڭۈل بۆلگەن، دەپ ئەيىپلىنەتتى. بىر كۈنى كەچتە گۈلنىسانى خىتايچە بىرىلگەن تېكىستنى يادلاپ بولالماپسەن، دەپ جازالاپ قىينىدى، ئۇ يىغلىغان پېتى ئۇخلاپ قالغان ئىدى، كېچىچىمۇ ئادەتتىكىدەك خورەك تارتمىدى، كېيىن بىز ئويغىتايلى دەپ قارىساق بەدىنى مۇزدەك سوغۇق بولۇپ ، ئاللىقاچان  تىنىقى توختاپ قالغان ئىكەن.

ئۇ يەردە يەنە 23 ياشلىق پاتەمخان ئىسىملىك بىر ئايال بار بولۇپ، ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەن، دادىسى، يولدىشى، ئاكىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى تۈرمىگە سولانغان ئىكەن. پاتەمخاننىڭ گۇناھى بولسا 2010-يىلى ئىسلام قائىدىسى بويىچە ھاراق ئىچىلمىگەن، تانسا، ئۇسۇل يوق، ناخشا ئېيتىلمىغان توي مۇراسىمى ئۇيۇشتۇرغانلىقى بولۇپ، شۇ تويغا قاتناشقان400 كىشىنىڭ ھەممىسى تۇتۇلۇپ تۈرمىگە سولانغان ئىكەن.پاتەمخان تۇتۇپ كېتىلگەن ۋاقىتتا ئىككى كىچىك بالىسىنىڭ قورودا قېلىپ قالغانلىقى، تۈرمىگە كىرگەن بىر يىل ئۈچ ئايدىن بېرى بالىلىرىنىڭ ھېچقانداق خەۋىرىنى ئالالمىغانلىقىنى دەپ بەردى. پاتەمخاندىن قان كېلىۋاتقىلى بىر ئايدىن ئاشقان بولسىمۇ ھەر قانداق داۋالاشنى رەت قىلىۋاتاتتى. بىر كۈنى كەچتە، ئۇ يەنە بىر ئايال بىلەن ئۆرە تۇرغان ئىدى، تۇيۇقسىز يەرگە يىقىلىپ چۈشۈپلا تىنىقى توختاپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن بىر نەچچە ماسكا تاقىغان كىشىلەر كىرىپ ئۇ ئايالنىڭ جەسىتىنى پۈتىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مۇشۇنداق قىيىن- قىستاق، قىيناشلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، مەن 210-نومۇرلۇق بۇ تۈرمىدىن ھايات چىقىپ كېتەلىشىمگە كۆزۈم يەتمىدى. مەن ھېلىمۇ ئۆزۈمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ، بىراق مۆجىزە يۈز بېرىدىكەن.

ئۇلار مېنىڭ ئىككى سائەتتىن كېيىن قويۇپ بېرىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتى ۋە ماڭا نامەلۇم بىر ئوكۇل ئۇردى. بۇ ئوكۇل مېنى ئاستا- ئاستا ئۆلتۈرىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ، ئاخىرقى مىنۇتلىرىمنى ساناشقا باشلىدىم. باشلىقلار ماڭا بىر باياناتنى بېرىپ ئۇنى ئوقۇپ قول قويۇشۇم كېرەكلىكىنى دېگەندە ئۆزەمنىڭ ھايات ئىكەنلىكىمدىن ھەيران قالدىم. ئۇلار مېنىڭ باياناتنى ئوقۇغاچ قەسەم بەرگەن ھالىتىمنى سىنئالغۇغا ئالدى. ئۇ باياناتتا مۇنداق دېيىلگەن ئىدى: "مەن جۇڭگو گراژدانى، جۇڭگونى ياخشى كۆرىمەن، جۇڭگو مېنى ئۆستۈردى. جۇڭگوغا خيانەت قىلمايمەن، ساقچىلارنىڭمۇ مېنى ھېچقاچان تۇتۇپ سولاپ قويغىنى ۋە سوئال- سوراققا تارتقىنى يوق!" ئاندىن ساقچىلار مىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بالىلىرىمنى مىسىرغا ئاپىرىپ قويۇپ خىتايغا قايتىپ كېلىشىم كېرەكلىكىنى، بولمىسا ئاتا- ئانام ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىمنىڭ ھاياتىنىڭ ئۇلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى تاپىلىدى.
ئۈچ ئايدىن ئارتۇق تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن ئاخىرى 2018-يىلى ئاپرېلدا قويۇپ بېرىلىپ، بالىلىرىمنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىدىم، لېكىن ئاتا- ئانامنى كۆرمىدىم، ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى سۈرۈشتە قىلىشىممۇ چەكلەنگەن ئىدى. مەن ئىككى بالام بىلەن ئۈچ كۈندىن كېيىن يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا كىلىپ 20 كۈن تۇرۇپ قالدىم،رەسمىيەتلىرىمنىڭ تولۇق بولماسلىقى سەۋەبىدىن 3 قېتىم ئايروپىلانغا چىقالماي ئاخىرى4-قېتىمدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۇچۇپ،28-ئاپرېل قاھىرە  شەھىرىگە يېتىپ كەلدىم. مەن ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويغان ئىدىم، يۈرىكىم ئاغرىيتتى، نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. ئەگەر خىتايغا قايتىپ كەتمىسەم ئاتا- ئانام ۋە قېرىنداشلىرىمنى خىتاي ھۆكۈمىتى تۈرمىگە سولاپ ئۆلتۈرىۋېتىشى مۇمكىن، ئەگەر قايتىپ كەتسەم مەنمۇ ئوخشاش يەنە شۇ تۈرمىگە سولىنىپ ئۆلتۈرۈلۈشىم مۇمكىن، ئۇ چاغدا بۇ تۈرمىلەرنىڭ ھەقىقي ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدىغان بۇ مەخپىيەتلىك مەن بىلەن بىللە شۇ قاراڭغۇ زىندانغا قايتىپ كىتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن قايتقان تەقدىردىمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى ئاتا- ئانام ۋە قېرىنداشلىرىمنى تۈرمىگە سولاۋېرەتتى. مەن جاسارىتىمنى يىغىپ خىتايدىكى يوشۇرۇن جازا  لاگىرلىرىنى دۇنياغا بىلدۈرۈش قارارىغا كەلدىم، شۇنداق بولغاندا مېنى قىينىغانلار  ۋە باشقا زۇلۇم قىلغۇچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىلغانلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك جازاغا تارتىلسا، بىگۇناھ  خەلقنىڭ ئاۋازى دۇنياغا ئاڭلانسا، دەپ ئويلىدىم. مىنىڭ ئامېرىكىغا كىلىشىمگە ياردەم قىلغان نۇرغۇن ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن.  2018-يىلى ۋېرجىنىيەگە يىتىپ كەلگەن ۋاقىتىمدىكى ھېسسىياتىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن.

ئەركىنلىكنىڭ كىشىگە بېرىدىغان چەكسىز خۇشاللىقىدا ھاياجانلىنىپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تەمتىرەپلا قالدىم. مەن ئالىلقاچان تۈرمىدە ئۆلۈپ كىتىپ    جەننەتكە كىردىممۇ؟ بۇ راستىنلا مەن دائىم كېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان گۈزەل ۋە ئەركىن دۆلەت ئامېرىكا شۇمۇ؟ بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىشىنىش تەس بولغان بىر چوڭ خۇشاللىق ئىدى. مەن ھازىر ئىككى بالام بىلەن ئامېرىكىدا ياشاۋاتىمەن، ئۆزۈم لاگىردا بولمىغىنىم بىلەن لاگىردىكى ۋاقىتتا بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن شۇ قورقۇنچلۇق ئىشلار

ۋە خىتاينىڭ ماڭا بولغان تەھدىتىدىن قۇتۇلغىنىم يوق. مەن ھېلىمۇ ھەم ئاشۇ لاگېردىكى قورقۇنچلۇق ۋەھشىي سەرگۈزەشتىلىرىمنىڭ تەسىرى سەۋەپلىك ھەر ۋاقىت ئېغىر قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ ئىچىدە ياشاۋاتىمەن. بالىلىرىم جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ساغلام ئەمەس، ئۇلار مېنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەكلا قورقىدۇ، ھەتتا ئىشىك چېكىلىسىمۇ قورقۇپ كېتىدۇ. بەدەنلىرىمدە تاياقنىڭ ئىزى، تارتۇق بار. قولۇمنىڭ بېغىشى ۋە پۇتۇم ئېغىر زەنجىر تەسىرىدىن ھازىرغىچە ئاغرىيدۇ. قاتتىق تاياق دەستىدىن ئوڭ قۇلىقىم ئاڭلىماس بولۇپ قالدى. مەن ھەم قاراڭغۇلۇقتىن ھەم بەك يورۇقلۇقتىن ھەتتا ئاۋازدىنمۇ قورقىمەن. ساقچى ماشىنىسىنىڭ سىگنال ئاۋازىنى ئاڭلىسام يۈرىكىم قاتتىق سوقۇپ كېتىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا نەپسىم قىسىلىپ، پۈتۈن بەدىنىم سىېزىمنى يوقىتىپ يۈرىكىم ئاغرىيدۇ، داۋاملىق قارا بېسىپ قالىدۇ. مېنىڭ بۇ يەردە بىخەتەر ئىكەنلىكىم قايتا- قايتا دېيىلگەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا خىتاي ساقچىلىرىنىڭ كېچىدە كېلىپ ئىشىكىمنى چېكىپ مېنى ئېلىپ كىتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن بەكمۇ قورقىمەن.

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مېنى تېخىچە كۆزىتىشى مېنى قورقۇنچقا سالىدۇ . بىر نەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا، بىر نەچچە خىتاي ئەر مېنىڭ كەينىمگە چۈشۈپ ھەتتا مەن ماشىنىغا چىققاندىمۇ ئارقامدىن ئەگەشتى.

خىتاي ھۆكۈمىتى ئىنىمنى مەن بىلەن ئالاقىلىشىشقا مەجبۇر قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ مېنىڭ خىتايدىن ئالغان تېلېفونۇمغا مۇنداق دەپ ئاۋازلىق ئۇچۇر قالدۇرۇپ قويۇپتۇ:"سەن ئاتا- ئانامغا، بىزگە نىمشقا بۇنداق قىلىسەن؟ سەن قانداق ئادەم؟ دەرھال جۇڭگو كونسۇلىغا بېرىپ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىدىكى سۆھبەتتە جۇڭگو ھۆكۈمىتى توغرىلىق دېگەن گېپىڭنىڭ ھەممىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆزۈڭنىڭ جۇڭگونى سۆيىدىغانلىقىڭنى ئېيت. ئۇلارغا ئامېرىكىدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ساڭا بېسىم قىلىپ، لاگېرغا ئەكىرىپ كىتىپ قىيىن- قىستاققا ئالدى، دەپ يالغان سۆزلەتكۈزگەنلىكىنى ئېيت ھەمدە بۇرۇن دىگەن گېپىڭنىڭ ھەممىنى قايتۇرىۋال، بولمىسا جۇڭگو ھۆكۈمىتى سەن نەگە يوشۇرۇنۇۋېلىشىڭدىن قەتئىينەزەر سېنى تاپالايدۇ!" ەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شۇنچە يىراقتا تۇرۇپمۇ يەنە ماڭا تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىدىن تېخىمۇ قورقۇپ كەتتىم.
گەرچە مەن ئامېرىكىدىكى ئوقۇش، ئىشلەش، بالىلىرىمغا قاراش دېگەندەك يېڭى ھاياتىمنى باشلىغان بولسامۇ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ماڭا يەنە زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقىمەن.

مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مېنىڭ بىخەتەرلىكىمگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بىر ئەمەلىي ئىش قىلىشنى چىن دىلىمدىن تەلەپ قىلىمەن. خىتايدىكى جازا لاگېرلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەپتى بەشرىسىنى ئاشكارىلىشىم مېنى ۋە بالىلىرىمنىڭ ھاياتىنى مۇشۇ ئامېرىكىدىمۇ خەتەر ئىچىدە قالدۇرىۋاتىدۇ، شۇڭا بىزنىڭ مۇشۇ دۆلەتتىكى بىخەتەرلىكىمىزگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ھەر قانداق زۆرۈر بولغان چارىلەرنى قوللىنىشىڭلارنى ئىلتىماس قىلىمەن.

يەنە ئازراق قوشۇمچە قىلسام، لاگېردىكى ۋاقتىمدا ماڭا مەجبۇرىي ھالدا نۇرغۇن نامەلۇم دورا ئىچكۈزۈلۈپ، ئوكۇل ئۇرۇلغان ئىدى، بالىلىرىمغا قانداق دورىلارنىڭ ئىچكۈزۈلۈپ،قانداق ئوكۇللارنىڭ ئۇرۇلغانلىقىنى بىلمەيمەن، شۇڭا مەن ھەم بالىلىرىمغا تولۇق ۋە تەپسىلىي بولغان سالامەتلىك تەكشۈرۈش پۇرسىتى بىرىلگەن بولسا چوڭقۇر مەمنۇن بولغان بولاتتىم.

بۇ مېنىڭ ھىكايەم. مەن پەقەت ئۆلتۈرۈش ۋە جازالاش نىشان قىلىنىپ جازا لاگېرلىرىغا سولانغان مىليونلىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا ئېتنىك گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرلا ئادەم. خۇددى مۆجىزە يۈز بەرگەندەكلا لاگېردىن قۇتۇلۇپ چىققىنىمغا كۆپ شۈكرى قىلىمەن، شۇنداقلا مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە لاگېرغا سولىنىپ قىيىن- قىستاققا ئېلىنىۋاتقان قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن سۆزلەش ئەركىنلىكىمنىڭ بار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىمەن.

**خىتاي ھۆكۈمىتى مىنىڭ بۇنداق ئوتتۇرىغا چىقىشىمنىڭ ئاتا- ئانام ۋە قېرىنداشلىرىمنىڭ ھاياتى بەدىلىگە كېلىدىغانلىقىنى دەلىللىدى. مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئېغىر گۇناھكار ھېس قىلىمەن. بۇ مەن ئۈچۈن بىر كۈندىلىك روھىي ئازاپ بولۇپ قالدى. بىراق، مەن ھەق ئۈستىدە تىك تۇرۇپ، بۇ ھەقىقەتنى دۇنياغا بىلدۈرۈشتە ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتىم بار، دەپ ئويلايمەن ھەم كەلگۈسىدە بۇ رەھىمسىزلىكنى توختىتىدىغان بىرەرىنىڭ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.**

**خىتاينىڭ ئىلتىپاتىدىن قۇرۇق قېلىشنى خالىمايدىغان دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر خىتاينىڭ بۇ ۋەھشىيلىكىگە كۆز يۇمۇۋېلىۋاتقان بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇيغۇر خەلقىم دۇنيادىكى بارلىق ئېزىلىۋاتقان مىللەتلەرگە ئوخشاشلا ئامېرىكىغا ئۈمىد نەزىرى بىلەن قارايدۇ. شۇڭا مەن خىتاينىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي قىرغىنچىلىقىنى توختىتىش كېرەكلىكى توغرىسىدا گەپ قىلالايدىغان ۋە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك بولغان بىردىن بىر دۆلەت- ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ھەقىقەتنى سۆزلىدىم .**

**مەن ئامېرىكىنىڭ پۈتكۈل دۇنيانى خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى تەنقىتلەشكە يېتەكچىلىك قىلالايدىغانلىقىغا ھەمدە لاگېرلارنى تاقاتقۇزۇپ، مىليونلىغان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنى قويۇۋېتىشى توغرىلىق بېسىم قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى سىستېمىلىق يوقىتىشى، ئۆلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئۇيغۇرلارنى بىر مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىۋېتەلەيدىغانلىقىغا قادىر، دەپ قارايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئەگەر ئامېرىكا پارلامېنتى2018-يىلدىكى ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قانۇننى ماقۇللاپ، خىتاي ئەمەلدارلىرىنى مەجبۇرىي جازالاش ۋە تەشكىلاتلارنىڭ لاگېرغا قارىتا يۈرگۈزگەن ھۆكۈمەت سىياسىتىگە مەسئۇل بولۇشىنى تەلەپ قىلغان بولسا،خىتاي بەلكىم ئىنسانپەرۋەرلىككە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ جىنايى قىلمىشىنى داۋاملاشتۇرسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى قاتارىدا ساقلىنىپ مېڭىشى ۋەرگەن بولاتتى.**

**قايتۇرۇلسا لاگېرغا سولىنىش ئېھتىماللىقى بار بولغان دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنىڭ مۇشۇ گۈزەل دۆلەتتە پاناھلىق تىلەش ئىشلىرىغا ياردەمدە بولۇشۇڭلارنى ئۆتۈنىمەن. ئەگەر پارلامېنت ئەزاسىدىن بىرەرىڭلار خىتايغا بېرىپ قالساڭلار، مېنىڭ ئاتا- ئانام،ئۇرۇق-تۇغقان، قېرىنداشلىرىمنىڭ سۈرۈشتىسىنى قىلغان بولساڭلار، ئىلتىماس!**

**بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭلارغا ۋە دىققىتىڭلارنى بەرگەنلىكىڭلارغا كۆپ رەھمەت!**

**مەن بۇ گۇۋاھلىق بېرىش تەپسىلاتىنى ئوقۇپ چىقاندىن كېيىن، ئىختىيارسىزباشقا بىر قىرغىنچىلىقنى ئويلاپ كەتتىم. 75 يىلنىڭ ئالدىدا يەھۇدىي ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ناتسىست لاگېرلىرىدا قىينالغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن. گېرمانىيە پۇقرالىرى ، ھەتتا باشقا دۆلەتلەرمۇ ئۆز ھۆكۈمىتىنى-ھىتلېرنى شۇ قىرغىنچىلىقتىن توسۇپ قالالمىغان. ئاخىرىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ گېرمانىيەگە بېسىپ كىرىشى نەتىجىسىدە لاگېرلار تاقىلىپ، ئاخىرى قالايمىقانچىلىق ئاخىرلاشقان.**

**ئۇلىنىش سىن كۆرىنىش ئادرىسى: http://youtu.be/dsd1NkCKaNg**

# خىتايدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى نېمە ئۈچۈن ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ ؟

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە ، خىتاي  ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى خورلىشىنى توسۇپ قېلىشنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىدە مۇنداق 4 سەۋەب بولۇشى مۇمكىن .

1- سەۋەب ، ئىقتىساد كۈچى . ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى خىتاينىڭ ئىقتىسادىي كۈچىدىن قورقىدۇ ، خىتاي ھازىر دۇنيا بويىچە 2- ئورۇندا تۇرىدىغان ئىقتىسادى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى . ئەتراپىمىزدىكى ھەممە نەرسە دېگۈدەك خىتايدا ئىشلەنگەن . كۆپلىگەن دۆلەتلەر ئۈچۈن خىتاينىڭ ماللىرىنى سېتىۋالا لماسلىق ۋە خىتايغا مال ساتالماسلىق بىر قورقۇنچلۇق ئەھۋال . ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكىنىڭ ئۆزىلا خىتايغا 1.2 ترلىيون ئامېرىكا دوللىرى قەرز ، بۇ دېگەنلىك ئامېرىكا دۆلەت غەزىنىسىنىڭ 19%ى دېگەنلىكتۇر . دېمەك ، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتى ئىنتايىن مۇھىم . ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەرنىڭ شەرمەندىلەرچە خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى خىتاي ھۆكۈمىتىنى رەنجىتىپ قويۇشتىن قورقۇپ تىلغا ئالماسلىقىنىڭ ئۆزى ئىنتايىن چوڭ بىر تراگېدىيە ھېساپلىنىدۇ . بۇ كۆڭۈلسىز ھەقىقەت تېخى يېقىندىلا ، يەنى 2019- يىلدىكى ئامېرىكا - خىتاي سودا سۆھبىتىدە ئىسپاتلاندى .

2- سەۋەبى ، مەبلەغ سېلىش . خىتاي ھۆكۈمىتى نۇرغۇن دۆلەتلەرگە تۆۋەن ئۆسۈمدە قەرز بېرىپ تۇرۇش ، چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە ھۆكۈمەت پاي چېكىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق مەبلەغ سالىدۇ . بۇنداق قىلىش ئەمەلىيەتتە دۇنيا رەھبەرلىرىنى تىنچ ھالدا سېتىۋېلىش دېگەنلىكتۇر . مەسىلەن، 2017-يىلى مىسىر 60 تىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنى خىتايغا قايتۇردى ، قايتۇرۇلغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار تۈرمىلەرگە سولاندى، قىيىن -قىستاققا ئېلىندى ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئىككى ئوقۇغۇچى قاماقخانىدا شېھىت قىلىندى . خىتاي بۇنىڭ ئۈچۈن قاھىرە  (Cairo) شەھىرىدە ناھايىتى چوڭ بىر يېڭى تەرەققىيات تۈرىگە مەبلەغ سالدى . دېمەك ، بۇنى خىتاي دۇنيا سىياسەتچىلىرىگە پارا بەردى ، دەپ چۈشىنىش تەس ئەمەس .

3-سەۋەبى ، تەشۋىقات .خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇيغۇرلارنى 'تېررورچى ' دەپ يالغان تەشۋىقات تارقىتىش ئارقىلىق كۆرۈنۈشتە دۇنياغا ياردەم قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈش ياساپ ، ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرىۋاتىدۇ . خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى 2 مىليوندىن ئارتۇق خەلقنى ئۇلار پەقەت ئاز سانلىق مىللەت بولغان گۇناھى  ئۈچۈنلا تۈرمىلەرگە تاشلىدى . ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي تېررورچى شى جىنپىڭ بىلەن چېن چۈەنگو بولۇپ ، ئۇلار بۇ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى ۋە مەدەنىيەتنى يىلتىزىدىن يوقىتىش قىلمىشىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك ئىدى . ھىتلېر بىلەن شى جىنپىڭنىڭ نېمە پەرقى بار ؟ ھىتلېر مىليونلىغان يەھۇدىينى مەخپىي ئۆلتۈرگەن بولسا ، شى جىنپىڭ 2 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرنى مەخپىي لاگېرلارغا سولىدى . خىتاي ھۆكۈمىتى بىر ئاننى 'يولۋاس ئورۇندۇق ' تا ئولتۇرغۇزۇپ قىيناش ۋە 40 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يۈيۈنۈش شارائىتى يوق تار ، كىچىك ئۆيگە 60 تىن ئارتۇق بىگۇناھ خەلقنى مۇۋە - چىۋە ۋە كۆكتاتسىز سولاپ قويۇشتەك ئىنسان قوبۇل قىلالمايدىغان ۋەھشىيلىكنى تەپتارتماستىن ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ .

4- سەۋەبى ، كارى بولماسلىق . ئاز بىر قىسىم كىشىلەر خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى بىلمەيدۇ ياكى بىلسىمۇ كارى بولمايدۇ . يەنە بىر قىسىم كىشىلەر خىتاينى ئۈنچىلىك خەتەرلىك دۆلەت ، دەپ قارىمايدۇ . خىتاي تارىختىن بۇيان ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىپ كەلدى . 1962-1958 يىللىغىچە بولغان چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەزگىلىدە ، خىتاي رەھبىرى ماۋزېدوڭ يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بولمىغان قەھەتچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، 45 مىليوندىن ئارتۇق خەلقنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغاندىمۇ دۇنيا بۇ غالجىرلىقنى توسۇپ قېلىشقا ئامال قىلمىغان ھەم قىلالمىغان.

ئاچارچىلىقتىن سىرت ، تەخمىنەن 2.5 مىليون خەلق شۇ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش مەزگىلىدە قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان ۋە ئۆلتۈرۈلگەن . 1966-يىلدىن 1977- يىلغىچە يۈز بەرگەن مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى غالجىرلىقنى سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ . 1989- يىلى 4- ئىيۇن خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي خەلق 'ئەركىنلىك ' ئارمىيەسى تيەنئەنمىن مەيدانىدا قورالسىز ھالدا دېموكراتىك ئىسلاھات تەلەپ قىلىۋاتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى باستۇرغاندا پۈتۈن دۇنيا ھاڭ-تاڭ قالغان . تىبەتنى بېسىۋالغان خىتاي ھۆكۈمىتى تيەنئەنمىن ۋەقەسىدىن كېيىن تىبەتتىمۇ مىليونلىغان تىبەتلىكلەرنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتى تىنچلىقپەرۋەر فالۇنگوڭچىلارنىمۇ دۈشمەن ، دەپ ئىلان قىلىپ ، 90- يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ مىڭلىغان فالۇنگوڭچىلارنى قولغا ئېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئورگانلىرىنى سېتىپ تاپاۋەت قىلغان .

بۇ ئىش مېنى ھەققەتەن بىئارام قىلدى . 2017-2018- يىللىرى ئاتالمىش شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەتتا ئۇيغۇر باللىرىنىڭمۇ ئورگانلىرىنىڭ سېتىلغانلىق ھەققىدىكى خەۋەرلەر چىقىشقا باشلىدى . ئەمەلىيەتتە، ئاتالمىش شىنجاڭ قەشقەر ئايرودرومىدا دىپلومات ئەمەلدارلىرى ئۈچۈن ئالاھىدە يول ياسالغانلىقى ھەمدە بۇ يولغا تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك تىرىك ئەزا توشۇلىدىغان يول ، دېگەندەك يول بەلگىسى قويۇلغانلىقى ئېنىقلانغان .
بۇ رەسىمدىن ، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا جايلاشقان يېپەك يولىدىكى ئەڭ قەدىمىي شەھەر- قەشقەر ئايرودرومىغا قويۇلغان ' ئالاھىدە يولۇچىلار ، ئادەم ئورگانلىرىنى توشۇش يولى ' دېگەن بەلگىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ .




خىتاي ھۆكۈمىتى ھازىر ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قىلىۋاتقان زوراۋانلىقلىرىنى كۆپ كىشىلەرنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ياكى بىلسىمۇ كارى يوقلىقىنى بىلىپ بولدى . ئۇيغۇرلار توغرىسىدا كۆپ بىلمەيدىغان خىتاي سىرتىدىكى كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىجتىمائىي تاراتقۇلار بۇ يىراقتا قالغان ۋەھشىيلىك توغرىلىق كۆپرەك مەلۇماتقا ئىگە بولۇشتىكى ئەڭ تېز ۋە ئەڭ كۈچلۈك ۋاستىدۇر . گەرچە بۇ ئىش سىياسىئونلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشى قىيىن ئىشتەك كۆرۈنسىمۇ ، ئەمما كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو ، پارلامېنت ئەزاسى كرىس سىمىسقا ئوخشاش ياخشى نىيەتلىك رەھبەرلەر ئاتالمىش شىنجاڭدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى چۈشىنىشنى خالايدىغانلىقى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى تۈرىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى .
بىراق بۇ ئىشقا جىددىي قارايدىغانلار كۆپ ئەمەس ، بەزىلەر ھەتتا بۇ ئىشنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، دەپ قارايدۇ . خىتاي ھۆكۈمىتى دۇنياغا پارا بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشتىن ئېرىنىدىغان ياكى ئەنسىرەيدىغان قىلىپ قويىدى .

ياخشى كىشلەر بۇ ھەقىقەتنى تونۇپ ، چۈشىنىپ يەتكىچە ئۇيغۇرلار خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قىرىلىپ تۈگىشى مۇمكىن ، ئۇ چاغدا ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا كېچىكىپ قالغان بولىدۇ ، خۇددى ياۋروپادىكى يەھۇدىيلارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنىڭ قىرىلىپ تۈگىگىنىگە ئوخشاشلا بولغۇلۇق بولۇپ بولىدۇ .

خىتاي بەلكىم بۇ ئىشنى بىرەر باشلىقنىڭ قويۇپلا ۋاقتى كەلگەندە ئۇنى دۇنياغا كۆرسىتىپ جازالاش ئارقىلىق ئەپۇ سوراپلا تۈگىتىدۇ . مانا بۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ پىلانى بولۇپ ، ھازىرغىچە ھەممە ئىش پىلان بويىچە مېڭىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنى ئاتالمىش شىنجاڭنىڭ تىنچلىق ۋە مۇقىملىقىغا ' ياردەم ' قىلىۋاتقان ' ياخشى ئادەملەر ' قىلىپ كۆرسىتىپ ، دۇنيانى بۇ سۈۋاقچىلىقىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىشەندۈردى . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىشنى 'ياردەم ' دەپ جار سېلىشى مۇمكىن . شى جىنپىڭ دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىقتىسادى كۈچلۈك دۆلەتنىڭ رەھبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيانى ئايلانغاندا ئۆزىنى باشقىلارنى ئاجايىپ ھۆرمەتلەيدىغان ، ئەقىللىق ، زامانغا لايىق ، مەدەنىيەتلىك كۆرسەتكىنى بىلەن گېرمان ناتسىسلىرىدىن كېيىنكى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن رايون خاراكتېرلىق مىللىي قىرغىنچىلىقنىڭ جاۋابكارى .

نازارەتچى ئارمىيسى ۋە رايوننىڭ ھەممە يېرىگە كۆزىتىش سىستېمىسى ئورنىتىش ئارقىلىق خەلقنى ياغاچ قوچاقتەك ئوينىتىۋاتقان ، يالغانچى ، قىيىن -قىستاقى ، قاتىلغا ئايلانغان خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتكۈل دۇنيانى كونترول قىلىشنى ئىستەۋاتىدۇ . نۇرغۇن دۆلەتلەر سودىدا ياكى مەبلەغ ۋە قەرزلەردە خىتايغا تايىنىپ قالغاچقا خىتاينىڭ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارىتا گەپ قىلالماي ، تىلى قىسقا بولۇپ قالغان . شۇنداق بولغاچقا خىتاي قاتتىق ئىشەنچ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مىللىي قىرغىنچىلىقنى ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرالايدۇ .

تارىختىن بۇيان ، خىتاي پادىشاھلىقلىرى پۇقرالارنى خۇددى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرگەندەك ئۆلتۈرۈپ كەلگەن ، بۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق يەكۈن چىقىرىلمىغان . خىتايدا پۇقرالار ئەنئەنە بويىچە پادىشاھقا مەنسۇپ بولىدۇ . ھازىر ، پۇقرالار خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ھەمدە ئۇنىڭ رەھبىرى شى جىنپىڭغا مەنسۇپ بولۇپ ، پۈتكۈل پۇقرالار ئىلگىرى رەئىس ماۋغا ئەگەشكەنگە ئوخشاش ھازىر شى جىنپىڭغا ئەگىشىدۇ ، خۇددى ناتسىسلار ھىتلېرگە ئەگەشكەنگە ئوخشاش . تېخمۇ ئىلگىرىلەپ تەسۋىرلىگەندە، 1980-يىللىرىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى 220-يىللىرىدىكى خىتاي ئىمپېراتورى چىن شىخۇاڭنىڭ تولۇق ئەسكىرىي قوشۇنلىرى ھەيكەللىرى بىلەن ياسالغان مەقبەرىسى ئەتراپىدا 42 يۇرۇش جەسەتلىك بايقالغان. مەزكۇر جەسەتلىكتە ئەنە شۇ ھەشەمەتلىك خان مەقبەرىسى ئۈچۈن قان- تەرىنى تۆككەن ۋە قەبرە ئىگىسى بىلەن كۆمۈلگەن 700 مىڭ ئۇستىكار ۋە ئىشلەمچىلەرنىڭ سۆڭەكلىرى تېپىلغان.

شى جىنپىڭ ھازىر كونترول قىلىش ئۇسۇلىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ،GPS ، يۈز ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈش بىلەن كونا ئۇسلۇبتىكى ئۇرۇپ – قىيناش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىش ئارقىلىق دۇنيا نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 20% نى كونترول قىلىپ بولدى . قەدىمدە خىتايدا پادىشاھلىق تۈزۈم قوللىنىلاتتى . بۈگۈنكى كۈندە شى جىنپىڭ ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پۈتكۈل يېرىنى ، يەرلىك خەلقنى ۋە تەبىئىي بايلىقنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدىلا ئانىلار ۋە باللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 2 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر يوقاپ كەتتى .تېخمۇ يامان بولغىنى ، شىنىڭ ئۇيغۇرلارنى ۋە ئاتالمىش شىنجاڭ رايونىنى كونترول قىلىش پىلانى ئەمەلگە ئاشتى . بۇ ناھەقچىلىككە قارشى تۇرۇشنى خالايدىغانلار ئۇنچە كۆپ ئەمەس . بۇ كەڭ كۆلەملىك كىشىلىك ھوقۇق ئاپىتى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ، ئامېرىكا پارلامېنتى ۋە يەنە باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولسىمۇ ئەمما پۈتكۈل دۇنيا يەنىلا بۇ ئىشقا قارىتا قولىنى يۇيۇپ قولتۇقىغا قىستۇرۇۋېلىپ ياتىدۇ ، مانا بۇ ئاچچىق رېئاللىق .

**دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى گېزىت - ژۇرناللار ، تور بەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ كەڭ كۆلەمدە مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقىغا ئۇچراۋاتقانلىقى توغرىسىدا خەۋەرلەرنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۆزلىرىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا قاراتقان رەزىل سىياسىتىنى داۋاملاشتۇرىۋاتىدۇ ھەمدە دۇنياغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارنى تەربىيلەش مەركەزلىرىدە تۇرلۇك كەسپلەردە ئوقۇتۇۋاتقانلىقى ھەققىدە جار سېلىۋاتىدۇ . ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە قاماش ، قىيىن - قىستاققا ئېلىش داۋاملىشىۋاتىدۇ .**

**ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىقتىساد پەنلەر پروفېسسورى ئىلھام توختىغا ئوخشاش نىگۇناھ كىشلەر جازا لاگىرلىرىدا چىرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدەك كىشىدىن مىليوندىن ئارتۇقى بار . خىتاي بۇ جىنايى قىلمىشلىرى بىلەن نېمە مەخسەتكە يەتمەكچى ؟ ھازىر ئۇلارنىڭ ئىبلىس چاڭگىلى ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىگە يەتكەن بولۇپ ، ھەتتا ئامېرىكا پۇقرالىرىنىمۇ كونترول قىلىش ئۇچۇن تىرىشىۋاتىدۇ .**

**مەسىلەن ، ئەگەر ئامېرىكىدىكى بىرەر پروفېسسور بۇ ھەقىقەت توغرىلىق سۆزلىسە ياكى بىرەر ماقالە يازسا بۇ پروفېسسورغا ساياھەت ۋىزىسى بېرىلمەيدۇ . ئەگەر ئامېرىكىلىق بىرەر ئۇيغۇر بۇ توغرىلىق سۆزلىسە ئۇنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭدىكى ئائىلە ئەزالىرى جازالىنىدۇ . دۇنيا خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا ھېچقانداق چارە قوللانماي ، سۈكۈت قىلىش ئارقىلىق خىتاي ھۆكۈمىتىنى خالىغىنىڭنى قىل ، دەۋاتىدۇ . بۇنىڭ بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كونتروللىقىنى تېخىمۇ كېڭەيتىشكە شارائىت ھازىرلاپ بېرىلىۋاتىدۇ . بىز خىتاينىڭ دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلىنىشتىن ئىبارەت ئاخىرقى چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ياردەملىشىۋاتىمىز . بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال بار : ئەمدى نېمە بولىدۇ ؟ قىيناش ،ئۆلتۈرۈش ،پارا بېرىش ، يالغانچىلىق قىلىشلار تۈيۈقسىز توختاپ قالامدۇ ؟ ئۇيغۇرلارغا  ياردەم قىلىش ۋە دۇنيانى خىتاينىڭ ئىنساپسىزلىقىدىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن نېملەرنى قىلىشىمىز كېرەك ؟**

# 8

# "توختات!" دېيىش ئارقىلىق ياردەم قىلىش

مەن بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقوغۇچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن دۇنيادىكى تراگېدىيىلىك خەۋەر ، ھېكايىلەرنى ئاڭلىسام ۋە رەسىملەرنى كۆرسەم تىترەپ كېتىمەن. 2018-يىلدىكى روھىگىيالىقلارنىڭ مىللىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىشى؛ 5 مىليوندىن ئارتۇق سۇرىيەلىكنىڭ مۇساپىر بولۇپ كۆچۈشى؛ ئۇرۇش سەۋەپلىك تارىختىكى ئەڭ ئېغىر بولغان كېسەللىك، دەپ خاتىرىگە ئېلىنغان يەمەندىكى 800 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنىڭ خولېرا بىلەن يۇقۇملىنىشى قاتارلىق تراگېدىيەلەرنىڭ ھەر بىرسى مېنىڭ يۈرىكىمنى ئاغرىتىدۇ.

بىز سىنىپتا 1-ۋە 2-دۇنيا ئۇرۇشى ھەقققدە ئۆگىنىمىز ۋە بۇ يەر شارى خاراكتېرلىق توقۇنۇشتا ئۆلۈپ كەتكەن بىگۇناھ خەلقنى خاتىرلەيمىز. بىزگە "ئۆتمۈشنى ئۇنتۇغانلار ئۆز سەنىمگە دەسسەيدۇ" دەپ ئۆگەتكەن ئىدى، قارىغاندا ئاچكۆزلۈك ۋە شەخسيەتچىلىكتىن كېلىپ چىققان بۇ ناھەقچىلىكنىڭ تەكرارلىنىشىنى ئىنسان توسۇپ قالالمايدىغان ئوخشايدۇ. ۋاشىنگتوننىڭ DC رايوندا ئالدىنقى قېتىملىق چوڭ قىرغىنچىلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن 6 مىليون يەھۇدىينى ئەسلەش يۈزىسىدىن نۇرغۇن كىشلەر ئۇرۇش يادىكارلىقلىرى مۇزېينى زىيارەت قىلىدۇ. بىراق، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئاتالمىش شىنجاڭ رايوندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشلىك ھوقۇق ئەركىنلىكى يوق، مىليونلىغان خەلق ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرلىۋاتىدۇ، قىرىلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلار جازا لاگىرلىرىدا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قىين-قىستاققا ئېلىنىپ ئۆلتۈرلىۋاتىدۇ. بۇ، شۇ رايون باشچىلىقىدىكى سىستېمىلاشقان قىرىپ يوقىتىش پروگراممىسى بولۇپ،ختاي ھۆكۈمىتى بۇ پروگراممىنى ھەر خىل ئۇسۇل ۋە يوللار بىلەن كېڭەيتىپ، ئەمەلگە ئاشۇرىۋاتىدۇ.

بۇنداق كېتىۋەرسە يىللاردىن كېيىن بەلكىم يەھۇدىي مۇزېينىڭ يېنىغا ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى مۇزېيدىن بىرى قۇرۇلۇشى مۇمكىن. بىز قانداق قىلغاندا ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنى قىرىشىنى توسۇپ قالالايمىز؟

ئەگەر مەن سىزگە بىرەر ئويۇننى ئاز ئويناپ، بىرەر كىنونى ئاز كۆرۈپ، پەقەت بىر نەچچە مىنۇت ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلسىڭىز دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيسىز دېسەم ئىشىنەمسىز؟ ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر سىز بىر بالىنىڭ سۇغا چۆكۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرسىڭىز ئۇنىڭغا پەقەت قولىڭىزنى سۇنۇپ بېرىش ئارقىلىقلا بالىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالايسىز. شۇنداققۇ! بىز بەلكىم دۇنيانى ئۆزگەرتىش دېگەن بەك تەس ئىش، ئۇنىڭغا جىق ئىش ۋە پۇل كېتىدۇ، دەپ ئويلىشىمىز مۇمكىن. شۇنداق، بەزى ۋاقىتلاردا كىچىك بىر ئىشمۇ بىر ھاياتنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالىشى، ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئۇمىد بېغىشلىيالىشى مۇمكىن.

**تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئاددىي  ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىقمۇ تارىخنى ئۆزگەرتەلىشىمىز ۋە ياخشىلىيالىشىمىز مۇمكىن. مەن ئۆزۈم بىر ئوقۇغۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىلەرنىڭ ئالدىراش ئىكەنلىكىڭلارنى چۈشىنىمەن، لېكىن مېنىڭ تۆۋەندە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان بۇ پىكرىم پەقەت بىر مىنۇتلا ۋاقت ئالىدۇ. كۆپرەك ۋاقتىڭلار بار بولسا كۆپرەك ئىش قىلساڭلار، ئېچىچە پىكرىڭلار بار بولسا ئورتاقلاشساڭلار تېخىمۇ ياخشى، چۈنكى بىزنىڭ مۆجىزە يۈز بېرىشكە سەۋەپ بولالايدىغان يېڭى پىكىرلەرگە ئېھتىياجىمىز بار. بىز بىر يەرگە كېلىپ ئاۋازىمىزنى ئاڭلاتساق دۇنيانى ئۆزگەرتەلىشىمىز مۇمكىن. قىينىلىۋاتقانلارنى ئازاپتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى، ئۇلارغا ئەركىنلىك بېرەيلى، ئۈمىد  چىرىغى ئېلىپ كېلەيلى، تارىخنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنى توختىتىپ  قالايلى!**

**1-ئىجتىمائىي   تاراتقۇلىرىڭىزنى مۇشۇنداق بىر ياخشى ئىش ئۈچۈن ئىشلىتىڭ. ئۆزىڭىزنىڭ ئىنستىگرام، فەيسبۇك، تىۋىتتېر ھېساۋاتىڭىزغا "21-ئەسىردىكى ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقىنى توختات!" دېگەن خەتنى يېزىپ تارقىتىڭ! بۇ تارقاتقان ئۇچۇرىڭىز كەڭ تارقالسا ئادەملەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش رولىنى ئوينايدۇ.**

**2-باشقىلارنى بۇ ئىشتىن خەۋەرلەندۈرۈشمۇ ياخشى ئىش، بىراق ئەمەلىي  ئىش قىلىش ھەممىدىن ئەۋزەل. ئۆزىڭىز تەۋە رايوندىكى كېڭەش پالاتا ئەزاسى ۋە پارلامېنت ئەزالىرىغا خەت يېزىڭ. باشقا شتاتتىكى دوستلىرىڭىزنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ پارلامېنت ئەزاسى بىلەن بۇ ئىش توغۇرلۇق ئالاقىلىشىشقا چاقىرىڭ!سىز رەھبەرلىرىمىزنىڭ ئۇيقۇسىنى ئېچىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئۇيغۇر خەلقىنى ئۆلتۈرۈش ۋە قىيىن- قىستاققا ئېلىشىنى توختىتىش توغرۇلۇق بېسىم چۈشۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينيالايسىز. ئەتىنى ساقلىماڭ، بۈگۈننىڭ ئۆزىدىلا ھەرىكەت قىلىشنى باشلاڭ. مۇشۇ باپتىن كېيىن كىتاپنىڭ ئاخىرىدا خەتنى قانداق يېزىش توغرىسىدا بىر ئۈلگە خەت بار، كېرەك بولسا شۇ خەتتىن پايدىلانسىڭىزمۇ بولىدۇ.**

**3-خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن سىز يەنە ئۆزىڭىزنىڭ ساۋاقداشلىرىغا، ئاتا- ئانىڭىزغا، دوستلىرىڭىز، ئوقۇتقۇچىلىرىڭىزغا نىمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز بولىدۇ. ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ياردەمگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى، ئۈلگە خەت بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سەمگە سېلىپ قويۇڭ.**

**4-سىز قايسى مىللەت، قايسى دىن ۋە قايسى سياسىي  كۆز قاراشتىكى ئادەم بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر  ھەپتىدە بىر كۈن يەنى ھەر يەكشەنبە كۈنى سائەت 12:00 دە: "توختات! ئۇيغۇرلارنى قويۇۋەت!" دېگەن يازمىنى بىر ياكى ئىككى مىنۇت ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ قايتا يوللاڭ! پەقەت ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا خىتاي لاگىرلىرىدا قىينىلىپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئاۋازىڭىزنى ئاڭلىتالايسىز! دوستلىرىڭىزدىن ئۇچۇرىڭىزنى ھەمبەھىرلەپ قويۇشنى ياكى ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتىشنى سوراڭ. بىر مىليون ئەلۋەتتە بىر بىلەن باشلىنىدۇ، پەخىرلەنگەن  ھالدا مۇشۇ ساننىڭ 1-سى بولۇڭ. ئۆزىڭىزنىڭ كۈچىنى ھەرگىز سەل چاغلىماڭ.**

**5-ئەگەر سىز رەھبەر بولسىڭىز ئۆزىڭىز تۇرىۋاتقان يەردە نامايىش ئورۇنلاشتۇرۇڭ!دوستلىرىڭىز بىلەن بىر ئورتاق كۈن ۋە ۋاقىتنى كېلىشىپ، لوزۇنكا، پلاكاتلارنى ياساپ ئادەم كۆپ ماڭىدىغان كوچا دوقمۇشلىرىدا تۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ. لوزۇنكا، پلاكاتلارغا: " ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك!"، "21-ئەسىردىكى قىرغىنچىلىقنى توختات!" دېگەندەك ئاددىي سۆزلەر يېزىلسىمۇ بولىدۇ. سىزنىڭ تىنچ ھالدا يىغىلىپ توپلىشىش ھوقۇقىڭىز يەنى خىتاي پۇقرالىرى بەھرىمان بولالمايدىغان بۇ ھوقۇقىڭىز ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىدا كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.**

6-گۇگۇل، فەيسبۇك، يەرلىك گېزىت ۋە ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان تور بەتلىرىڭىزگە خەت يېزىپ، ئۇلارنىمۇ بۇ 21-ئەسىر قىرغىنچىلىقىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ، ياخشى ئىشقا تۈرتكە بولۇپ، تارىخنى ئۆزگەرتىشكە ئۈندەڭ. ئۇلاردىن يەنە "ئۇيغۇر خەلقىگە ئەركىنلىك"،"21-ئەسىردىكى چوڭ قىرغىنچىلىقنى توختىتىپ، ئۇيغۇرلارنى ساقلاپ قېلىش" دېگەن لوزۇنكىلارنى كۆپرەك ياساپ تارقىتىشنى سوراڭ.ئۇلار قىسقا بىر مەزگىل پۇل جەھەتتىن ئازراق زىيانغا ئۇچرىشى مۇمكىن، لېكىن يىراق كەلگۈسىنى ئويلىغاندا پۇلدىنمۇ مۇھىم نەرسە ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلغان ئادەملەر بولۇپ قالىدۇ. بىراق بەزىلەر يەنىلا پەرۋاسىز يۈرۈۋاتىدۇ. مەسىلەن: گۇگۇل خىتايغا ماسلىشىپ "يىڭناغۇچ" نامىدىكى "دوستانە نازارەت" قىلىدىغان ئىزدەش ئۇسكۇنىسىنى تەرەققىي قىلدۇرىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىر ئەمەلىي مىسالى، ئەگەر سىز ئورۋېل (Orwell ) نىڭ سىياسىي تۈس ئالغان ھېكايە كىتابى "ھايۋاناتلار قورۇقى" دەپ ئىزدىسىڭىز "0" ئۇچۇر چىقىدۇ.

7-ئائىلىڭىز ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرسە ئاتالمىش شىنجاڭغا بېرىڭ. ئەگەر خىتاي ھۆكۈمىتى بارغىلى قويمىسا چىڭ تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن بارغۇزمايدىغانلىقى توغرىسىدا بىراز غۇلغۇلا قوزغاڭ.

8-ئەگەر سىز خىتاي سىرتىدىكى ئۇيغۇر بولسىڭىز، ئۆزىڭىز تۇرۇۋاتقان ئورۇندىكى ھۆكۈمەتنىڭ سىزگە ياردەملىشىپ خىتاي لاگېرلىرىدا يوقاپ كەتكەن ئۇرۇق- تۇققان ۋە دوستلىرىڭىزنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىپ بېرىشنى سوراڭ. ياخشى كىشلەر سىز بىلەن بىللە، ئۈمىدىڭىزنى يوقاتماڭ.

8-ئەگەر سىز چەتئەلدىكى خىتاي گراژدانى ياكى ئوقوغۇچىسى بولسىڭىز ھەمدە خىتاي ھۆكۈمىتىنى قىلمىشىنى توختىتىشقا چاقىرغانلىقىڭىز سەۋەپلىك سىزنىڭمۇ لاگېرغا كىرىپ قېلىش ئېھتىماللىقىڭىز بار بولۇشتەك خەتەرلىك ئەھۋال بار بولسا، بىز ياردەم قىلشنى خالايدىغان خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ بار ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمىز. مەسىلەن، كانادادا ئوقۇۋاتقان خىتاي ئوقۇغۇچى ئاتالمىش شىنجاڭ رايوندىكى خىتاي لاگېرلىرىنى تېپىپ چىقىشقا ياردەملەشكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى. بۇ باتۇر جۇڭگولۇق دۇنياغا زور ئۈمىد بېغىشلىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ چىرىغى! خىتايدىكى ياخشى كىشلەر ھەق ئۈستىدە تىك تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئاسان ئەمەس، بىراق ئەرزىيدۇ. بىز سىلەرنى ياخشى كۆرىمىز.
داڭلىق كىشلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بەزى داڭلىق كىشلەر ياخشى ئىش قىلىشقا قىزىقىدۇ. ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان داڭلىق كىشلەردىن بىرەرسىگە خەت يېزىپ ئۇلارنىڭ "توختات!"، "ئۇيغۇرلارغا ئەركىنلىك" دېگەن يازمىنى يېزىپ ياكى سۆزلەپ تارقىتىشنى سوراڭ. بەلكىم ھەيران قالارلىق نەتىجىگە ئېرىشىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

9-ھازىرقى مۇشۇ مىنۇتلاردا ئۆلۈپ، يوقاپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇرلارغا قاراپ كۆڭلىڭىز يېرىم بولغاندا: "ھەي، ئەجەپ كۆڭلۈم يېرىم بولدى، ھەرنېمە بولسا بۇ ئىش مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەرنىڭ بېشىغا كەلمەپتۇ" دەپ قويۇپلا نورمال ھاياتىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋەرمەڭ. ھازىر دەل مانا مۇشۇنداق بولىۋاتىدۇ. مانا بۇ دەل خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بىز كىچىككەنلىكىمىزنى ھېس قىلىپ بولغىچە ئۇيغۇرلارنى توختىماي ئۆلتۈرەلىشىنىڭ سەۋەبى. ھەرىكەت قىلىڭ، ئىلتىماس! بىر مىنۇت ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ ئويلىنىڭ ! دۇئا قىلىڭ! باشقىلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈڭ،سۆزلەڭ! ئۆزىڭىزنىڭ ئالاقە تورلىرىدا خىتاينىڭ قوبۇل قىلغۇسىز بۇ زۇلۇمنى توختىتىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا كەڭ ئۇچۇر تارقىتىڭ!

ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ مۇھىم بولغان بۇ تېما توغرىسىدىكى بىلىمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇڭ. مەسىلەن، 2018-يىلى4-ئۆكتەبىر مۇئاۋىن پىرىزىدېنت پېنس نىڭ خادىسېن ئىنىستىتۇتىدا ختاي _ئامېرىكا سىياسىتىدىكى چوڭ ئۆزگىرىش توغرۇلۇق سۆزلىگەن نۇتۇقىدا ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ نۇرغۇنلىغان جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەنلىكى ، بەختكە قارشى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ بۇنىڭغا قارىتا ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ نۇتۇقنى ئاڭلاشمۇ ھېچ بولمىغاندا توغرا يولغا قەدەم بېسىشنىڭ بىر كىچىك ئامىلى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ نۇتۇقنىڭ تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى ئۇلانما ئارقىلىق تەپسىلي ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

**http://www.c-span.org/video/?452478-1/vice-president-pence-intimidated-china**

ئەگەر سىز ھۆكۈمەت ئورنىدا ئىشلەيدىغان خىزمەتچى بولسىڭىز، ختاينىڭ ئۇيغۇرلارنى ختايغا قايتۇرۇش تەلپىگە قارشى تۇرۇڭ. ئۇيغۇر مۇساپىرلىرىنى ختايغا قايتۇرمىسۇن، ئۇيغۇر ئوقوغۇچىلارنى ختايغا قايتۇرمىسۇن. ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى بىر مىللەت قاتارىدا يوقۇتۇۋېتىشكە ياردەم قىلماڭ. ماددىي مەنپەئەتنى دەپ ختاينىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ مىللىي قىرغىنچىلىقىغا شېرىك بولۇپ قالماڭ . باتۇرلۇق بىلەن 'ياق ' ، 'توختات ' دېيىش ئارقىلىق ختاينى توختىتىپ قالالايسىز ، شۇندىلا سىز ختاي كوممۇنىستلىرى ئېلىپ بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقلىرىنى يېپىش ئۈچۈن سىزگە پارا بەرگەن پۇل بىلەن ئەمەس بەلكى پىرىنسىپ بىلەن ياخشى بىر دۆلەت قۇرالايسىز .

## خاتىمە

مەن ھاياتنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ۋە ئۈمىد بىلەن قارايدىغان بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. مەن ئىنسانپەرۋەر كۈچلەرنىڭ بىرلىششى نەتىجىسىدە مۆجىزە يۈز بېرىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنىمەن. بىز بىرلىكتە دۇنيانى ئۆزگەرتەلەيمىز. دۇنيا ۋە ختايغا پۇل بىلەن ھەممە نەرسىنى بولۇپمۇ ئىنسانپەرۋەرلىكنى سېتىۋالغىلى بولمايدىغانلىقنى بىلدۈرۈپ قويايلى. ھەممىمىز بىرلىكتە جاراڭلىق ئاۋازدا:"توختات!" دەپ ۋاقرايلى. ھەي دۆلەتلەر، مەنپەئەتنىڭ ئورنىغا پىرىنسىپنى تاللاڭلار! "پۇل بىزنى سۆكۈت قىلدۇرالمايدۇ!"، "پۇلغا ئىنسان ھاياتىنى سېتىۋالغىلى بولمايدۇ" دەپ ۋاقرايلى! ئەگەر سىز رەھبەر بولسىڭىز قول ئاستىڭىزدىكىلەرنى ھەققانىيەت بىلەن باشقۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈپ، لەۋزىڭىزدە تۇرۇش ۋە سەممىيەت بىلەن ئىش كۆرۈش ئارقىلىق ئۇلارغا ئۈلگە بولۇڭ! ئىقتىساد جەھەتتە كۈچلۈك، رەزىل سىياسەتچىلەرگە باش ئەگمەڭ! بىز سىزگە تايىنىمىز. ياشلارغا نىسبەتەن سىز بۇ دۆلەتنىڭ كەلگۈسى. دۇنيانى خاتىرجەم ياشايدىغان ماكانغا ئايلاندۇرايلى، شۇندىلا پەرزەنتلىرىمىزمۇ بىزنىڭ دۇنيانى قانداق ئۆزگەرتكەنلىكىمىزدىن پەخىرلەنسۇن. بىز دۇنيانى قوغداپ قالالايمىز، تارىخنى ئۆزگەرتەلەيمىز!

نىمە ئۈچۈن ؟

چۈنكى بىز قورقماس، بىز توغرا- خاتانى ئايرىيمىز، ھەق ئۈستىدە تىك تۇرىمىز، يۈرىكىمىزدە ھەقىقىي مېھرى-مۇھەببەت بار،قەلبىمىز پۇل ۋە سىياسەت بىلەن بۇلغانمىغان. ھاياتىمىز گۈزەلدۇر! گەرچە بىز بىرەر ئۇيغۇرنى بىلمىسەكمۇ، ئۇلارنىڭ بىزگە ئوخشاش ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلىمىز؛

ئۇلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش ئائىلىسى، دوستلىرى، ئۇرۇق- تۇققانلىرى ۋە ياخشى كۆرگەن ئادەملىرىنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش ئەركىن ھاۋادىن  نەپەس ئالىدىغانلىقىنى بىلىمىز؛  بىز يەنە ئۇيغۇرلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش خۇشاللىقتىن بەھرىمان بولۇش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلىمىز، شۇڭلاشقا ئۇلارنى بىزنىڭ ئاكا- ئۇكا، ھەدە- سىڭىللىرىمىز دېسەكمۇ بولىدۇ. ھايات ھەممىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك! قارا تەنلىكلەرنىڭ ھاياتىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتىمۇ شۇ!
پارلامېنت ئەزاسى يوخو(**Yoho**) خىتاينىڭ  ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان باستۇرۇش ۋە يىغىۋېلىش سىياسىتىگە قايتا قاراپ چىقىش يىغىنىدا مۇنداق دەيدۇ: "بىز خىتاينىڭ  ئۈچىغا چىققان يالغانچى،ساختىپەز ۋە تەھدىتچى ئىكەنلىكىنى قايتا- قايتا كۆرگىنىمىزدەك ئۇلارنىڭ ئاغزىدا دەيدىغىنى باشقا ئەمىلىيەتتە قىلىدىغىنى باشقا. ئۇلار مەخپىي ئىش ئېلىپ بېرىپ ئۇنى يېپىش ئۈچۈن نەيرەڭۋازلىق بىلەن سۆزلەيدۇ. مەن خىتاينىڭ قىلىۋاتقانلىرىغا قارىسام ئورۋېلىيان(**Orwellian**) دىن باشقىسىنى ئويلىيالمايمەن.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:« مىنىڭچە  بىزنىڭ ھازىر كۆرۈۋاتقىنىمىز تارىخنىڭ قايتا- قايتا تەكرارلىنىشى بولۇپ، بۇ بىز ئۈچۈن نومۇس ئىش. دۇنيانىڭ بۇ ئىشنى كۆرمەسكە سېلىۋېلىشىمۇ نومۇس ئىش. بۇنىڭغا قانداق قارشى تۇرىمىز؟ بىرلا دۆلەت قارشى تۇرامدۇ؟ ياكى پۈتۈن دۇنيا "توختات! دىيىشى كېرەكمۇ؟" »

مەيلى ئىشنىڭ ياكى ئىشەنمەڭ بەزىدە كىچىك بىر ئىش قىلىش ئارقىلىقمۇ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ 21-ئەسىردىكى بۇ چوڭ قىرغىنچىلىقنى توختىتىپ قالالايدىغان كۈچىمىز بار. بىز سىلەرنىڭ ياردىمىڭلارغا مۇھتاج ، ھەر بىرىڭلار ياردەم قىلالايسىلەر. بۇ ئىنتايىن ئاددىي. بىز پەقەت ئۇلارغا  "توختات!" دىيىشىمىز كىرەك. بۇ پەقەت ئۇيغۇرلار ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى پۈتكۈل  ئىنسانىيەتنىمۇ قۇتۇلدۇرۇش  ئۈچۈندۇر. ھىتلېرمۇ ئۆزلىكىدىن قىرغىنچىلىقنى توختاتقان ئەمەس، بەلكى خەلق ئۇنىڭغا قارشى ھەرىكەت قىلغان، خۇددى دۇنيا جەنۇبى ئافرىقىنىڭ ئىرقىي  ئايرىمچىلىقىغا قارشى ھەرىكەت قىلغىنىغا ئوخشاش. يىغىپ ئېيتقاندا، مەيلى قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىشىدىن ۋە ياكى قايسى ئىدارە- ئورۇندا ئىشلەيدىغان ئىشچى- خىزمەتچى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى، ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى بارلىق چوڭ- كىچىك، قېرى- ياش ھەممىڭلاردىن ئۆتۈنەي، بىز بىرلىشەيلى! ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىمىزنى ئۇنۇتمايلى! ھەممىمىز بىرلىكتە خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى يۇقىرى ئاۋازدا:"21-ئەسىردىكى چوڭ قىرغىنچىلىقنى توختات!" دەيلى.



ئامېرىكا پارلامېنتىغا يېزىلىدىغان ئۈلگە خەتنىڭ توردىن تېپىلغان بىر نۇسخىسى :
يىل ،ئاي ،كۈن:
ھۆرمەتلىك (ئىسمى-فامىلىسى)
ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى
ۋاشىنگتون DC

قەدىرلىك كېڭەش پالاتا ئەزاسى:
مەن بىر سايلاش-سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە ئامېرىكا پۇقراسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن مىليونلىغان ئۇيغۇرنىڭ خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ قول ئاستىدا دۇنيادىكى ئەڭ ۋەھشىي كىشىلىك ھوقۇق قىرغىنچىلىقىغا ئۇچراپ يوقىلىپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا تۇرىۋاتقانلىقىدەك ئېغىر بىر مەسىلىنى دىققىتىڭىزگە سۇنماقچىمەن. ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچتە تېز سۈرئەتتە كۈچلىنىۋاتقان خىتاي دىكتاتۇر ھاكىمىيىتى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىكىگە، خەلقارادا بولغان رەھبەرلىكىگە ھەمدە ئامېرىكىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقانلارنىڭ ئۈمىد چىرىغى قىلغان ئەركىنلىك، دېموكراتىيە ۋە ھەتتا كىشىلىك ھوقۇقى قاتارلىق قىممەت قاراشلىرىغا زور تەھدىت بولماقتا. ئۆزىنى ئۆمۈرلۈك رەھبەر، دەپ ئېلان قىلغان شى جىنپىڭ خىتاينىڭ ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى تەسىرىنى ئامېرىكىنىڭ دۇنياۋى تەسىرى بىلەن ئالماشتۇرۇشتەك چوڭ لاھىيە تۈزىنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ، بۇ "بىر يول، بىر بەلۋاغ كىرىشىمى"(بىر يول بىر بەلۋاغ قۇرۇلۇشى، دەپمۇ ئاتىلىدۇ) لاھىيەسى بېيجىڭغا شەرقىي تۈركىستان (ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ)دىكى زۇلۇمنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇپ، مىليونلىغان ئۇيغۇرنى قاتتىق قولۇق بىلەن پۈتۈنلەي كونترول قىلالايدىغان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تېخنىكىسىنى ئىشقا سېلىشقا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

2017-يىلدىن بۇيان، خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننى "بىر يول، بىر بەلۋاغ قۇرۇلۇشى"نىڭ ياۋروپا ۋە ئاسىياغا تۇتىشىشتىكى يادرو مەركىزى قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىۋاتقان "قاتتىق زەربە بېرىش" پائالىيىتىنى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئەمەلىيلەشتۈردى. ئىككى مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر مەخپىي قۇرۇلغان "قايتا تەربىيەلەش مەركىزى"دەپ ئاتىلىدىغان تۈرمىلەرگە قامالغان بولۇپ،ئۇلارنىڭ قاملىش سەۋەبىمۇ، رەسمىيىتىمۇ يوق ھەتتا قاچان قويۇپ بېرىلىدىغىنى ئېنىق ئەمەس ھالەتتە خىتاي كوممۇنىست ئىدىيەسى بىلەن ئېغىر دەرىجىدە مېڭىسى يۇيۇلۇپ، قىين- قىستاقتا ئېلىنىۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتى ھەممە يەرگە تەكشۈرۈش پونكىتلىرىنى قۇرۇش ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق كۆزىتىش سىستېمىسى بىلەن ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنى ئىدارە قىلىش، خىتايلارنى مەجبۇرىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە مەجبۇرىي توي قىلدۇرۇش ئارقىلىق پۈتكۈل رايوننى 21-ئەسىردىكى ساقچى دۆلىتىگە ئايلاندۇردى. خىتاي ساقچىلىرى يەنە ئامېرىكا، غەرب ئەللىرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەندىكى ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا ئۆچمەنلىك بىلەن تەھدىت سېلىش ۋە ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ خىتاي سىياسەتلىرىگە قارشى سۆزلەش ئەركىنلىكىنىمۇ كونترول قىلىۋاتىدۇ.

مەيلى قانداقلا تەدبىر قوللىنىشتىن قەتئىينەزەر خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىشتەك بۇ مىللىي قىرغىنچىلىقىغا قارشى بىر چارە قوللىنىپ، 21-ئەسىردىكى دۇنيا تارىخىغا داغ چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىڭلار. ئامېرىكا پارلامېنتى ئومۇملاشقان ماگنىتىسكى قانۇنىنىڭ كۈچى ئارقىلىق، ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ پارتىيە سېكرېتارى چېن چۈەنگو قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا خەلقارا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىگە قارشى سىياسەتلەرنى تۈزۈپ، ئەمەللەشتۈرۈشكە قاتناشقان بارلىق ئاپپارات، ئورگانلارنى جازاغا تارتىشى كېرەك. كېڭەش پالاتا ئەزاسى روبىئو ۋە ۋەكىل سمىس، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىتاي ئىشلار ئىجرائىيەت كومىتېتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق دۆلەت مەجلىسى قارارىنى قوللاپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قانۇنسىز تۈرمىگە سولاش سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، لاگېرلارنى تاقاپ، خەلقئارا تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرىنىڭ خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى قالايمىقان تۇتۇش ۋە لاگېرغا تاشلاش قىلمىشىنى تەكشۈرۈشكە يول قويۇش توغرىسىدا بېسىم قىلىشى كېرەك. خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان مەجبۇرىي ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش ۋە مىللىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىدىن ئاسانلا قېچىپ قۇتۇلۇپ كەتسە بولمايدۇ. خىتاينىڭ نازارەت قىلىش سىستېمىسىدىن باشقا ئىستىبدات ھۆكۈمەتلەر ئاللابۇرۇن ئۈلگە ئېلىپ بولدى. ئەگەر خىتاي دىكتاتۇرلىقى دۇنيادىكى ئەركىن دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشسە ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بۈگۈنكى بۇ تراگېدىيە باشقا بىر مىللەتنىڭ ئەتىكى تراگېدىيەسىگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن!

ھۆرمەت بىلەن:

Bugra, Otkur. “Understanding Uyghur Culture and Cuisine.” Uyghur Academy. Last modified November 5, 2017. Accessed November 6, 2018. http://akademiye.org/en/?p=604.

China, Congressional-Executive Commission, director. YouTube. YouTube, YouTube, 29 Nov. 2018, www.youtube.com/watch?v=1WOem1tgDMc&feature=youtu.be.

Gulnaz, Uighur. “I’m a Uyghur Muslim who fled China’s brutal crackdown - it’s time the world showed us some support.” Last modified Sept. 12, 2018. Accessed Oct. 25,
2018.
https://www.independent.co.uk/voices/china-uyghur-muslim-rules-laws-treatment-chinese-human-rights-religion-a8534161.html.

Hollingsworth, Julia. “UN Boss Raises Xinjiang Uyghurs during His Trip to China.” CNN, Cable News Network, 30 Apr. 2019, www.cnn.com/2019/04/29/asia/xinjiang-china-un-intl/index.html.

Karadsheh, Jomana, and Isil Sariyuce. “China's Persecuted Uyghurs Live 'Freely' in Turkey.” CNN, Cable News Network, 12 May 2019, www.cnn.com/2019/05/12/middleeast/turkey-uyghur-community-intl/index.html.

Lichtenstein, Allisen. “XInjiang: The Free Expression Catastrophe You Probably Haven’t Heard of.” PEN America. Last modified August 17, 2018. Accessed September 6, 2018. https://pen.org/xinjiang-free-expression-catastrophe/

Mailonline, Kelsey Cheng For. “China's Muslim Internment Camps Run like 'Concentration Camps', 'Turn Uighurs into Forced Labour'.” Daily Mail Online, Associated Newspapers, 17 Dec. 2018,www.dailymail.co.uk/news/article-6504921/Chinas-Muslim-internment-camps-run-like-concentration-camps-turn-Uighurs-forced-labour.html.

“Representatives Sherman and Yoho Introduce Legislation to Stand Up for Human Rights in Xinjiang, China.” Congressman Brad Sherman, 21 Dec. 2018,
https://sherman.house.gov/media-center/press-releases/representatives-sherman-and-yoho-introduce-legislation-to-stand-up-for

Republicans, House Foreign Affairs Committee, director. “China's Repression and Resentment of Uyghurs.” YouTube, YouTube, 26 Sept. 2018, Ross, Eleanor. “What’s the History behind China’s Current Obsession with Xinjiang?” Newsweek. Last modified March 10, 2017. Accessed September 10, 2018. https://www.newsweek.com/protest-xinjiang-china-muslim-central-asia-terrorism-559161.
www.youtube.com/watch?v=O9uQTjaUCQ8&feature=youtu.be.

Ross, Eleanor. “What’s the History Behind China’s Current Obsession with Xinjiang?” Newsweek. Last modified March 10, 2017. Accessed September 10, 2018.
https://www.newsweek.com/protest-xinjiang-china-muslim-central-asia-terrorism-559161.

Sales, Nathan, and Sam Brownback. “China's Attack on Uighurs Isn't Counterterrorism. It's Ugly Repression.” The Washington Post, WP Company, 22 May 2019, www.washingtonpost.com/opinions/chinas-attack-on-uighurs-isnt-counterterrorism-its-ugly-repression/2019/05/22/7bfb1d60-7ccb-11e9-a5b3-.34f3edf1351e_story.html?noredirect=on&utm_term=.fb53ab62261f

Schrank, Aaron. “In LA, Muslims from China Watch and Worry as Homeland Crackdown Escalates.” LAist, https://laist.com/2018/09/26/uighur_expats_call_for_action_on_human_rights_abuses_in_china.php

Senator Marco Rubio, director. Xinjiang's Human Rights Crisis. YouTube, YouTube, 26 July 2018, www.youtube.com/watch?v=WCjlovRJMKs.

Staff, RFA. “US Lawmakers Unveil Bill Calling for Release of Uyghurs from China's Detention Camps.” Radio Free Asia, Radio Free Asia, 14 Nov. 2018, www.rfa.org/english/news/uyghur/lawmakers-11142018152204.html.

Watson, Ivan, and Ben Westcott. “'Cultural Genocide': How China Is Tearing Uyghur Families Apart in Xinjiang.” CNN, Cable News Network, 15 Nov. 2018, www.cnn.com/2018/11/14/asia/uyghur-china-xinjiang-interview-intl/index.html.

自由亚洲电台 , director. YouTube. YouTube, YouTube, 6 Nov. 2018, www.youtube.com/watch?v=HrZCGDliE8w&feature=youtu.be.

郭凯 , director. Human Rights Report Approved by UN Review - World - Chinadaily.com.cn. Human Rights Report Approved by UN Review - World - Chinadaily.com.cn, www.chinadaily.com.cn/a/201811/12/WS5be8b47ca310eff303287ea0.html.